

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق مىساللىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى تەرىكە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间寓言 /《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978-7-228-09841-5

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 寓言 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010419号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

维吾尔民间寓言 (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 5.25 印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-7,000

ISBN 978-7-228-09841-5 定价: 8.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تۈلكىنىڭ تەقسىماتى........................................1
چاشقانلارنىڭ مەجلىسى........................................3
ئېيىق بىلەن دېھقان........................................5
قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا ........................................7
توشقاننىڭ ماختىنىشى........................................9
ئەقىللىق پاقا........................................10
پالتا سېپى........................................13
تادان تۈلكە........................................15
پاقا بىلەن چايان........................................17
شاتۇتى بىلەن بۇلبۇل ........................................19
تۆمۈرچىنىڭ جاۋابى........................................21
بۇغا ........................................23
ئىنساپسىز ئېشەك........................................24
شىر بىلەن تورنا ........................................27
ئەقىللىق توشقان ........................................30
پاقا بىلەن چاشقان ........................................33
سۇلەيسۇننىڭ پادىشاھ بولۇشى........................................38
ئىمىن يالغانچى ........................................41
خوراز بىلەن تۈلكە ........................................42
ئوتۇنچى بىلەن ئېيىق........................................43

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئۈنۈملۈك تارقىتىش
www.uyghurkitap.com

قىزغانچۇق كالا ........................................46
ھۇرۇن بالا........................................49
بوي يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق........................51
خوراز بىلەن بۆرە ........................................52
ئىككى ئۆچكە........................................54
بېخىل باي ........................................55
تۆگە بىلەن ئۆچكە ........................................57
تۈلكە بىلەن ئېشەك........................................59
ئەقىللىق بورسۇق ........................................60
تۈلكە بىلەن شىر ........................................62
تەمەخور مۈشۈك........................................64
ماختانچاق پاقا........................................66
تۆگە بىلەن ئېشەك........................................68
پادىشاھ بىلەن شاھزادە........................................71
كەپتەر بىلەن چۈمۈلە ........................................73
قاغا بىلەن تۈلكە........................................74
ئاچ كۆز ئىت ........................................76
قۇشقاچنىڭ قويغا شىكار قىلىشى........................77
ئەخمەق ئوۋچى ........................................78
شىر بىلەن چاشقان........................................80
يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە........................................82
سەۋەب قىلساڭ، سىۋەتتە سۇ توختايدۇ ..........83

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇشنىڭ ئارزۇسى ........................ 85
كۈن ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن.......................87
تۈلكە بىلەن يولۋاس...........................88
پىل بىلەن خوراز..............................90
توشقان بىلەن ئۆردەك..........................92
تۈلكىنىڭ ئەتىسى..............................93
ئات بىلەن يولۋاس.............................94
كىرپە بىلەن توشقان .........................96
ئۈچ تۈلكە ....................................97
تۈلكىنىڭ تاپقان دورىسى........................100
تەمەخور بۆرە...................................102
ئۆكۈز بىلەن پاقا................................103
بۆرە بىلەن ئۆچكە...............................104
تۈلكە بىلەن تۇرنا...............................107
ھورۇن ئېشەك...................................109
ئاچ بۆرە........................................110
ھورۇن ئىت......................................111
شورپا قىلامدۇق، كاۋاپمۇ .......................112
تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى...............................113
بۆرە بىلەن قاپاق.................................114
تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى جازالىشى....................117

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۈشۈك بىلەن چاشقان........................119
ئات بىلەن ئىت ............................121
تاپقان پۇلۇمنى ئۆچكە بۆلىمەن ...............123
خام خىيال...................................125
قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل..............126
ئۈچ ھۈرۈن...................................128
تەقدىرگە تەن بەرگىن.......................130
تىلىمغا باغلىسىلا.............................132
مەغرۇر پىل...................................134
مۈشۈك بىلەن تۈمۈچۇق......................138
ھايۋانلارنىڭ دەتالاشلىرى....................139
توخۇ، سۆسەر ھەم چاشقان....................140
كالا بىلەن ئۆچكە............................142
ئاچ كۆز......................................144
شەرتلىك دوستلار............................145
شەپەرەڭ بىلەن ئۆككۈز.......................147
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر..........................149
تۈلكە بىلەن تۇرنىنىڭ مېھماندارچىلىقى........152
چۈمۈلە بىلەن كىرپە..........................154
ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلالىساڭ....................156
تۈلكە بىلەن چۈجە...........................159
توشقان ئوۋلاش...............................160

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكىنىڭ تەقسىماتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قەدىناس دوستلاردىن يولۋاس، بۆرە، تۈلكە ئۈچى بىر بولۇپ ئوزۇق بىر سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، ئالاھازەل خېلى مېڭىپتۇ. ئاڭغىچە چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، ھېرىپ، قورسىقى ئېچىپ ھالى قالماپتۇ. بىر تاغ باغرىغا كەلگەندە ئارام ئېلىشماقچى بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ئاندىن يولغا راۋان بولۇشماقچى بوپتۇ. يولۋاس ئارام ئېلىپ قاپتۇ. بۆرە بىلەن تۈلكە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككىسى بىر ھازادىن كېيىن ملىڭ بالالىقتا بىر كېيىك، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كەپتۇ. ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. يولۋاس بۇلارنى قانداق يېيىش توغرىسىدا گەپ ئېچىپ:

— بۇ نەرسىلەرنى سەن تەقسىم قىل! — دەپتۇ بۆرىگە.

— ماقۇل، — دەپ تەقسىم قىلىشقا باشلاپتۇ بۆرە، — تەقسىر، ئۆزلىرى چوڭ بولغاندىكىن كېيىكنى يېسىلە، قىرغاۋۇلنى مەن يەي، ئىنىمىز تۈلكە ئۆز ھالىغا قاراپ توشقاننى يېسۇن.

بۇ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس دەرغەزەپ بولۇپ، بۆرىنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇپتىكەن، بۆرىنىڭ بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن تۈلكىگە قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— سەن تەقسىم قىل ! — دەپتۇ.

— خوپ، تەقسىر، — دەپ تەقسىماتقا كىرىشىپتۇ تۈل-كە، — توشقان جانابلىرىنىڭ ناشتىلىقى بولسۇن، قىرغاۋۇل جانابلىرىنىڭ چۈشلۈكلىرى بولسۇن، كېيىك جانابلىرىنىڭ كەچلىكلىرى بولسۇن، سىلىدىن ئاشسا ، بىز يەيلى، ئاشمىسا مەيلى.

تۈلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا يېقىپ كېتىپتۇ - دە، تۈلكىگە:

— سەن مۇنداق ئادىل تەقسىم قىلىشنى نەدىن ئۆگەن-دىڭ؟ — دەپتۇ. تۈلكە ئالدىرىماي:

— بۆرادىرىم بۆرىنىڭ قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزىدىن ئۆگەن-دىم، تەقسىر ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چاشقانلارنىڭ مەجلىسى

كۆنلەرنىڭ بىرىدە چاشقانلار مۈشۈككە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەجلىس ئېچىپتۇ.

ئالدى بىلەن مەجلىس باشقۇرغۇچى قېرى چاشقان ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھەممىڭلارغا مەلۇم، ئۇزۇندىن بۇيان مۈشۈكلەر بىزنى بوزەك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بەك قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. بالىلىرىمىزنى خالىغانچە يەپ، نەسلىمىزنى قۇرۇتقىلى تۇردى. ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى، مۈشۈككە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاشمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈن مۈشۈك ھەققىدە كۆپچىلىك باش قاتۇرۇپ، ئوبدان بىر چارە تېپىپ چىقساق دېمەكچىمەن، قانداق دەيسىلەر؟

— شۇنداق قىلايلى، بۇ بەكمۇ ئاقىلانە ئىش بوپتۇ، — دېيىشىپتۇ چاشقانلار ۋە قىزغىن مۇھاكىمە باشلىنىپ كېتىپتۇ.

سوكال قۇيرۇق بىر چاشقان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ:

— ئۈۋىمىزنى چوڭقۇر كولىساق بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، — دەپتۇ. چاشقانلار ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشۈپ قويۇپتۇ.

— زادى شۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئامال يوقمۇ؟ — دەپ

سوراپتۇ كۆپچىلىكتىن مەجلىس باشقۇرۇۋاتقان قېرى چاشقان.
بىرى ئۇنى دەپتۇ، بىرى بۇنى دەپتۇ، مەجلىس مەيدانىنى بېشىغا كىيىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر چاشقان ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئاغىنىلەر، جىم بولۇڭلار ! بۇ ئۇنچە قىيىن ئىش ئەمەس. مېنىڭچە، بىرىمىز ھەر كۈنى مۈشۈكنىڭ ھەرىكىتىنى خۇپىيانە كۆزىتەيلى، مۈشۈكنىڭ بىز تەرەپكە كېلىش شەپىسى سېزىلىش بىلەنلا بىزنى خەۋەرلەندۇرسە، ھەممىمىز ئۇۋىمىزغا كىرىۋېلىپ سىرتقا چىقمىساقلا بولمىدىمۇ ! بىز چىقمىغاندىن كېيىن مۈشۈك تۇرۇپ - تۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ يۈرۈۋەرمەيمىزمۇ ! — دەپتۇ.
— بولمايدۇ ! — بىر چوڭ چاشقان ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىپتۇ، — بۇ پەقەت ئەپلەشمەيدىغان ئىش. مېنىڭچە، بىز باينىڭ ئۆيىدىن بىر ئالتۇن قوڭغۇراقنى ئوغرىلاپ كېلىپ، مۈشۈكنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويايلى. مۈشۈك مىدىرلا قىلسا، قوڭغۇراق جاراڭلايدۇ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قېچىپ كېتىمىز.
بۇ پىكىر ھەممىسىگە يېقىپ، خۇشاللىقتىن چاۋاك چې-لىشىپ كېتىپتۇ ۋە:
— بۇ قالتىس ئوبدان چارە بولدى، چوقۇم شۇنداق قىلايلى ! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.
شۇ ئارىدا ھەممىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان بىر قېرى چاشقان ئالدىغا ئۆتۈپ:
— بۇغۇ ھەقىقەتەن ئوبدان چارە ئىكەن، لېكىن قوڭ-غۇراقنى مۈشۈكنىڭ بويىنىغا كىم ئاسىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچى-گە چۈشۈپ كېتىپتۇ. «ئاغزىدا شەھەر ئاپتۇ» دېگەن سۆز شۇ-نىڭدىن كېيىن پەيدا بولغانمىش.

# ئېيىق بىلەن دېھقان

بىر ئېيىق بىلەن بىر دېھقان يېقىن ئاغىنە ئىكەن، ئۇلار بىر يىلى بىرلىشىپ ياڭيۇ تېرىپتۇ. كۈز بولغاندا ھوسۇلنى قانداق بۆلۈشۈۋېلىش توغرۇلۇق ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. دېھقان ئېيىققا:

— ئېيىق دوستۇم، سەن كۆكىنى ئالامسەن، يىلتىزىنىمۇ؟ ئىختىيارىمىزچە بولسۇن، — دەپتۇ.

ئېيىق بىر ھازا ئويلىنىپ كېتىپ:

— مەن يىلتىزىنى نېمە قىلىمەن، كۆكىنى ئالاي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئېيىق بىلەن دېھقان پۈتۈشۈپتۇ. ئېيىق كۆكىنى يىغىۋاپتۇ. دېھقان يىلتىزىنى كولاپ، ھەر يوغان ياڭيۇلارنى يىغىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېيىق ئۆزىنىڭ يېگىلگەنلىكىنى سېزىپ، ئەخمەق بوپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق نەرسىنىڭ يىلتىزىنى ئالسام بولغۇدەك، دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

ئىككىنچى يىلى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇغداي تېرىپتۇ. بۇغداي راسا پىشقاندىن كېيىن دېھقان ئېيىقتىن:

— بۇ يىل قانداق قىلىسەن؟ كۆكىنى ئالامسەن، يىلتىزىنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

— ياغاچ قازاندا ئاش بىر قېتىم پىشىدۇ. بۇلتۇر زىيان تارتتىم. بۇ يىل كۆكىنى سەن ئال، مەن يىلتىزىنى ئالىمەن، — دەپتۇ ئېيىق.

— يەنە زىيان تارتىپ قالساڭچۇ؟ — دەپتۇ دېھقان.

— ياق، نېمە بولسىمۇ يىلتىزىنى ئالىمەن ! — دەپتۇ ئېيىق سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ، دېھقان بۇغداينى راسا ئورۇپ، خامان قىلغاندىن كېيىن قىپقىزىل بۇغداينى ئېلىپ، ئاپئاق نانلارنى يېقىپ يەپتۇ. ئېيىق بولسا يىلتىزىنى ئېلىپ يەنە داغدا قاپتۇ. بەزى زىرائەتلەر كۆكىدىن، بەزى زىرائەتلەر يىلتىزىدىن ھوسۇل بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئېيىق قارىغۇلارچە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ زىيان تارتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا

سۇيى لەش بىلەن تولغان بىر كونا قۇدۇقتا بىر پاقا ياشايدىكەن. بۇ قۇدۇقتىن كارۋانلار بىرنەچچە يىلدا بىر ئەر قېتىم سۇ ئالمىسا، ھېچكىممۇ سۇ ئالغىلى كەلمەيدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ قۇدۇقتىكى پاقا... ناھايىتى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن: «دۇنيادا مۇنداق ئېسىل قۇدۇق يوق، مەن قالتىس يەردە ياشاۋاتىمەن!» دەپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى ماختىنىدىكەن. بىر كۈنى قۇدۇقنىڭ بېشىغا بىر كاككۇك كېلىپ:

— سالام، پاقىجان! قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئەھۋالىم ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ پاقا پەخىرلىنىپ.

— بۇ ئەسكى قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزمەي سىرتقا چىقساڭ، تالا - تۈزنى كۆرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ كاككۇك.

— ئەخمەق ئىكەنسەن، كاككۇك، — دەپتۇ پاقا كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى سەن كۆرۈپ باقمىدىڭ، دۇنيادا مۇنداق گۈزەل، مۇنداق يېقىملىق جاي يوق، بۇ يەرنى تاشلاپ نەگە باراتتىم؟

كاككۇك بۇ ئەخمەق پاقىنى زاڭلىق قىلىپ كېتىپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ قالغان كارۋانلار ئاتلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن قۇدۇققا چېلەكلىرىنى سېپتۇ.

پاقا دىققەتسىزلىكتىن چېلەكتىكى سۇ بىلەن قۇدۇقنىڭ ئۇس-
تىگە چىقىپ قاپتۇ. كارۋان پاقىنى چېلەكتىن ئېلىپ نېرى
تاشلىۋېتىپتۇ. پاقا ئەتراپىغا قاراپ ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار-
نى، سۈزۈك، پايانسىز ئاسماندا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ئۇچار
قۇشلارنى، ياپيېشىل ئوتلاقلاردا ياشاۋاتقان قوي، يىلقىلارنى
كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن
ئۇ ھوشىنى يىغىپ مېڭىپتۇ، ئۇزاق مېڭىپ بوك - باراقسان-
لىق بىر باغقا كىرىپ كەپتۇ - دە، ئەنجۈر، ئانار، ئالما دې-
گەندەك خىلمۇخىل مېۋىلەرنىڭ ساڭگىلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن-
لىكىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. پاقىنىڭ گاڭگىراپ
تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى كاككۇك كېلىپ:

— ئاغىنە، نېمە كۆرۈۋاتىسەن، ئاغزىڭ ئېچىلىپلا قاپتى-
غۇ؟ — دەپتۇ.

— دۇنياغا بۈگۈنلا تۆرەلدىم، ئاداش. مەن قۇدۇقتىن
سىرتقا چىقىپ باقماي مۇنداق گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى بىل-
مەپتىمەن، ئىست، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈم! — دەپتۇ پاقا
خىجىل بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توشقاننىڭ ماختىنىشى

توشقان ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ قۇلىقىنى ناھايىتى چىرايلىق دەپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى توشقان ئاپتاپتا ئويناپ يۈرۈپ ئۈشتۈمتۇت ئۆز كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ ــ دە، «سالپاڭ قۇلاق ئاجايىپلا سەت بىر ھايۋانغۇ بۇ!» دەپ ئۈركۈپ كېتىپ قېچىپتۇ. قورققانسېرى «سالپاڭ قۇلاق ئاجايىپ ھايۋان»مۇ تەڭلا كېلىۋاتقۇدەك. توشقان توختىماي قېچىۋېرىپتۇ، ئاخىر ھالىدىن كېتىپ، بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپتۇ، ئەتراپىغا ئاستا كۆز يۈگۈرتكەنىكەن، ھېلىقى قوغلاپ كېلىۋاتقان «سالپاڭ قۇلاق ئاجايىپ ھايۋان» ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتۇ. توشقان خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئەركىن بىر نەپەس ئاپتۇ ــ دە:



«ھېلىمۇ ياخشى، يۈگۈرۈك بولۇپ قالغىنىم، ئەگەر يۈگۈرەلمەيدىغان بولسام، ‹سالپاڭ قۇلاق ئاجايىپ ھايۋان› مېنى تۇتۇۋېلىپ، ئاللىقاچان يەۋەتكەن بولاتتى، مەن ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنمەن!» دەپ ماختىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق پاقا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ياز بىلەن كۈز ئارىسىدا مۇنداق بىر ئىش بوپتۇ:

بىر كۆلدە ئۇزۇن زامانلارغىچە نۇرغۇن پاقىلار ياشاپ، شۇ كۆلدە كۆپىيىپ، شۇ كۆلدە ئاخشاملىرى نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، مەشرەپ ئويناپ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاقىلاردىن بىرنەچچىسى كۆرەڭلەپ:

ــ مۇشۇنداقمۇ سېسىق كۆلدە ياشامدۇق، ئاغىنىلەر؟ پاكىز، سۈزۈك سۈيى بار كۆلگە كۆچۈپ كېتەيلى ! ــ دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. بەزى پاقىلار ئۇلارغا قوشۇلۇپ، گويا كۆلنىڭ سېسىقلىقىنى ئەمدىلا سەزگەندەك يىرگىنىپ، ئىغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىۋاپتۇ، بىرمۇنچىلىرى كېيىنلىكىنى ئويلاپ، ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ، بەزىلىرى كۆچىمىز دەپتۇ، بەزىلىرى كۆچمەيمىز دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆچىمىز دېگۈچىلەر بىلەن كۆچمەيمىز دېگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپتۇ. پاقىلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ قاپتۇ.

بۇ كۆلدە بىر قېرى پاقا بار ئىكەن، ئۇ پاقىلارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۈزىتىپ خېلىغىچە لام ـ جىم دېمەپتۇ. پاقىلار بىر يەرگە كېلەلمەي، ئاخىر بۇ قېرى پاقىنىڭ ئالدىغا مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ.

— سىلەر خۇش پۇراقلىق، سۈيى سۈزۈك يېڭى كۆلگە كۆچ-مەكچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قېرى پاقا كۆچمەكچى بولغان پاقىلارنى كۆرۈپ.

— ھەئە.

— سىلەرچە ھازىر بۇ كۆلىمىز سېسىپ، تۇرغىلى بول-مايدىغان بولۇپ قاپتىمۇ؟

— شۇنداق بولۇپ قالدى.

— سىلەر كۆچمىسەك دېگەن كۆل بۇنىڭدىن ياخشىمىكەن؟

— ئەلۋەتتە ياخشى - دە !

— يېڭى كۆلگە كۆچكەندىن كېيىن ئوزۇقلانمىسىلەر، قانداق؟

— قىزىق گەپ بولدى، ئوزۇقلانماي ھايات كەچۈرگىلى بولامدۇ؟ بوۋا، سەن ئالجىپ قالدىڭمۇ، قانداق؟ — دېيىشىپ-تۇ كۆچمەكچى بولغان پاقىلار كوركىرىشىپ.

— سەۋر قىلىڭلار، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ قېرى پاقا، — ئېيتقىنىڭلاردەك ئوزۇقلانماي ھايات كەچۈرگە-لى بولمىسا، يېڭى كۆلگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ ئىككى كۈندىلا سېسىتىسىلەر. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىنمۇ كۆچە-مىز، دەپ چۇقان سالارسىلەر؟ گەپ ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىز سې-سىق بولساق، ھۇرۇن بولساق، ئۇ يەرنىمۇ ئوڭايلا سېسىتە-مىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ يەرنى ماكان قىلغاندا، بۇ كۆلمۇ ناھايىتى پاكىز، خۇش پۇراقلىق، سۈيى سۈپسۈزۈك ئىدى. لېكىن، بىز ھۇرۇنلۇق قىلىپ يېيىشنىلا بىلدۇق، ئەمگەك قىلمىدۇق، كۆلىمىزنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرمىدۇق. ئەيىب كۆلدە ئەمەس، ئۆزىمىزدە ! «پاكىزلىقتىن ھەسەل، پاسكىنىچىلىقتىن كېسەل» دېگەن گەپ بار. بۇ يەردىن كۆ-چمىز دېگۈچە، بەلنى چىڭ باغلاپ، سېسىقچىلىقنى تازىلى-ساق، بۇ كۆلمۇ ھېچقانداق كۆلدىن قېلىشمايدۇغۇ؟ !

كۆچمىز دېگەنلەر قېرى پاقىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجىل بولۇپ، جىم بولۇشۇپ قاپتۇ. ئا-خىر ھەممە پاقىلار بىرلىشىپ كۆل تازىلاشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆل شۇنداق چىرايلىق، خۇش پۇراقلىق، سۈيى سۈزۈك كۆلگە ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممىسى قېرى پاقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى «ئەقىللىق پاقا» دېيىشىدىغان بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پالتا سېپى

كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاغدىكى ئورمانلار ئۆز پادىشاھىغا ئەرز ئېيتىپ كەپتۇ:

— داد، پادىشاھىئالەم! ئىشىمىز چاتاق بولدى! بىزنى قېرى - ياش دېمەي، قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماي خالىغانچە كېسىپ ۋەيران قىلىشىۋاتىدۇ!

— كىم ئىكەن ئۇ بىزنى خالىغانچە كېسىپ ۋەيران قىلىشىۋاتقان؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— يېقىندىن بۇيان پالتا دېيدىغان بىرنېمە پەيدا بولۇپ قالدى، بىزنى شۇ كېسىۋاتىدۇ.

— پالتا دېدىڭلارمۇ؟ — پادىشاھ بىرئاز خىيالغا چۆكۈپ سوراپتۇ، — پالتا دېگەن قانداق نېمىكەن ئۇ؟

— تۆمۈردىن ياسالغان، ناھايىتى ئۆتكۈر بىر قورال ئىكەن.

— پالتىنىڭ تەپ تارتماي بىزنى كېسىدىغان جېنى ئۇزمىكەن؟ ئۇنى ئوبدانراق كۆزىتىپ باقتىڭلارمۇ؟

— يوقسۇ.

— ئۇنداق بولسا ئوبدانراق تەكشۈرۈپ كېلىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ كۆپچىلىككە قاراپ، — مېنىڭچە، تۆمۈر ئۆزى يالغۇز بىزنى بۇنداق خالىغانچە كېسىپ ۋەيران قىلالمايدۇ. بەلكىم ئۆز ئىچىمىزدىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىۋاتقانلار بولۇشى

ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئورمانلار قايتىپ كېتىپ پالتىنى ئوبدان كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. قارىسا ئۆزىنىڭ سېپى ياغاچ ئىكەن. ئۇلار بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ كېتىپ، ئالدىراپ پادىشاھقا يەنە خەۋەر قىلىپ كەپتۇ.

— ئەي، پادىشاھ ئالىيلىرى، پالتا دېگەن بۇ نېمىنىڭ سېپى ياغاچ ئىكەن!

— دېمىدىممۇ! — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۆزىمىز ئۇنىڭغا ساپ بولۇپ بەرمىسەك، ئۇ ھېچنېمە قىلالمايتتى. ئەيىب ئۆزىمىزدە. بىلىپ قويۇڭلار، «يېغا ياندىن كېلەر، بالا قېرىنداشتىن» دېگەن مۇشۇ!

ئورمانلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرۇشۇپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تادان تۈلكە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرنەچچە كۈن ئاچ قالغان بىر تۈلكە ئوزۇق ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ ــ مېڭىپتۇ، خېلى يىراق بىر چۆلگە كېلىپ قاپتۇ، قارىسا، بىر تاشنىڭ يېنىدا قازاندەك بىر قۇيرۇق ماي تۇرۇپتۇ. مۇنداق ئوبدان قۇيرۇق ماينى كۆرۈپ تۈلكىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ. ئۇ يېمەكچى بولۇپ، مايىنىڭ يېنىغا كەپتۇيۇ، لېكىن تادانلىق قىلىپ بىر-دىنلا توختاپتۇ ــ دە، بۇ ماينى بىرەر يولۇچى چۈشۈرۈپ قويدى-غانمىدۇ؟ ئەگەر چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، يولنىڭ ئوتتۇرى-سىدا تۇرغان بولاتتى، ئەجەب بۇ تاشنىڭ يېنىدا بىر ئەپلىك جايدا تۇرۇپتۇغۇ؟ بۇ يەردە چوقۇم بىر گەپ بار، بىردەم نەپ-سىمنى يىغىپ يېمەي تۇراي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە يېقىنلا يەردىكى بىر دەرەخلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، مايدىن كۆزىنى ئۈزمەي ماراپ يېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر بىر ئاچ كۆز بۆرە يېتىپ كېلىپ:

ــ ئوھۇي، دوستۇم تۈلكىجان، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يا-تىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

بۆرىنىڭ تۇرقىدىن تازىمۇ ئاچ قالغانلىقىنى پەملىگەن تادان تۈلكە چاندۇرماي:

ــ كېلىڭ، بۆرىكا، قورسىقىم بەكمۇ تويۇپ كېتىپتۇ،

زادىلا ماڭالماي قالدىم، ــــ دەپتۇ.

ــــ نىمە يەپ شۇنچە تويۇپ كەتتىڭ؟ ــــ ئالدىراپ سوراپتۇ بۆرە ھەيران بولۇپ.

تۈلكە تاشنىڭ يېنىدىكى قۇيرۇق ماينى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

ــــ ئاۋۇ ماينى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ قانداق ئەخمەق يولۇچى تاشلاپ كەتتىكىن؟ ئۈچ ــ تۆت قوينىڭ قۇيرۇقى ئىكەن، ئىچىرقاپ كەتكەنلىكىمدىن يەۋېرىپتىمەن. ئەنە، يەنە بىرمۇنچىسى ئېشىپ قالدى.

ــــ ئۇنداق بولسا قالغىنىنى مەن يەۋېتەي !

شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەن بۆرە نېرى ــ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قۇيرۇق مايغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، لېكىن «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۆرە بىردىنلا چىرقىراپ يىغلاپتۇ ــ دە، جان تالىشىشقا باشلاپتۇ.

تادان تۈلكە ئۆز ئەقلىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە جان تالىشىۋاتقان بۆرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

قارنىم ئاچ تۇرۇپ مەن يېمەسمىدىم باشتا،
بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا.

دەپتۇ ــ دە، قاپقاندىن قاڭقىپ چىققان قۇيرۇق ماينى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پاقا بىلەن چايان

كۆنلەرنىڭ بىرىدە پاقا بىلەن چايان دوست بوپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ.

— دەريادىن قانداق ئۆتىمەن؟ — دەپتۇ چايان.

— مەن تۇرغان يەردە نېمىدىن غەم يەيسەن؟ — دەپتۇ پاقا، — ماڭا ھاپاش بول، ئۆتكۈزۈپ قويىمەن.

چايان پاقىغا ھاپاش بوپتۇ. پاقا سۇغا كىرىپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە چايان توساتتىن دوستى پاقىغا «تارس» قىلىپ نەشتەر ئۇرۇپتۇ.

— ئاغىنە، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ چاياندىن پاقا خاپا بولۇپ.

— ھېچنېمە قىلمىدىم، دوستۇم، بۇ مېنىڭ ئادىتىم، بىر نەرسىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن چاقمىسام زادىلا تۇرالمايمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چايان.

قاتتىق غەزەپلەنگەن پاقا: «خەپ توختا!» دەپتۇ ئىچىدە ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن چايان ئالدىراپ ـ تېنەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— ۋايجان، نېمە قىلىۋاتىسەن، دوستۇم؟! سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇمغۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ۋارقىرىما، ئاغىنە، سۇغا چۆكۈشمۇ مېنىڭ ئادىتىم. سۇنى كۆرسەم يايراپ كېتىمەن، بىر چۇمۇلۇۋالمىسام، پوخا-دىن چىقمايمەن ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاقا ۋە راستىنلا سۇغا چۆكۈپتۇ. چايان تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.



# شاتۇتى بىلەن بۇلبۇل

شاتۇتى دۇنيادا مىڭلىغان سايرايدىغان قۇش يوق، دەپ مەغرۇرلىنىپ، كۆپ بويى سايراۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ توختىماي سايراۋېرىشىدىن بىزار بولغان ئۆي ئىگىسى ئۇنى ھويلىدىن باغقا ئاچىقىپ قويۇپتۇ. شاتۇتى ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى خاپا بوپتۇ. شۇ ئارىدا بىر بۇلبۇل شاتۇتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنىكەن، شاتۇتى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

— دوستۇم بۇلبۇل، — دەپتۇ شاتۇتى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئاڭلىسام، سەن ناھايىتى ئۇستا ناخشىچى ئىكەنسەن، كىشىلەر سېنىڭ سايرىشىڭنى بەكمۇ ياقتۇرىدىكەن. مەنمۇ سايراشتا ھەر ھالدا سېنىڭدىن قېلىشمايمەن. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئىگەم تولىراق سايراپ قويسامىلا، ماڭا قاراپ ئالىيىدۇ ياكى مۇشۇنداق باغقا ئاچىقىۋېتىدۇ. ئېيتقىنا، دوستۇم بۇلبۇل، ئىگەم نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ ئەگەر مېنىڭ سايرىشىمدا يېتەرسىز جايلار بولسا، سەن ماڭا ياردەم قىلغىن، قانداق دەيسەن؟

— بولىدۇ، قېنى سايراپ باققىن، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ بۇلبۇل.

شاتۇتى ئۆزىنىڭ بارلىق ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇ: خورازنى دوراپ سوزۇپ چىللاپتۇ، مېكىياننى دوراپ قاقىلداپتۇ، ئىتنى دوراپ ھاۋشىپتۇ، مۈشۈكنى دوراپ مىياۋلاپتۇ... يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى دوراپ، بىلىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بوپتۇ.

— قانداق! — دەپتۇ شاتۇتى ماختىنىپ، — ئۆمرۈڭدە مۇشۇنداق خىلمۇخىل ناخشىلارنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭ؟

— باياتىن بېرى سەن ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى دائىم مەن ئاڭلاپ يۈرگەن باشقىلارنىڭ ناخشىلىرىغۇ؟ باشقىلارنىڭكىنى دورىماي، ئۆز ناخشاڭنى ئېيتىپ باققىن، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ بۇلبۇل.

شاتۇتى بۇلبۇلنىڭ ماختىمايۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ، بىر پەس جىم بولۇپ قاپتۇ - دە، تېخىمۇ ئاۋازلىق سايراشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىتنى، مۈشۈكنى، قاغىنى، ھۆپۈپنى دوراپتۇ.

— چاتاق مۇشۇ يەردە ئىكەن، — دەپتۇ بۇلبۇل رەنجىپ، — سېنىڭ ئۆز ناخشاڭ يوق ئىكەن، ھەرقانچە چىرايلىق سايرىدىم دېگىنىڭ بىلەنمۇ پەقەت باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى دورايدىكەنسەن. توغرا، بەزى قۇشلار ئانچە چىرايلىق سايرىيالمايدۇ، لېكىن ئۇ باشقىلارنى دورىماي ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى، خۇشاللىقىنى، غەم - قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇچۇنمۇ ئادەملەر ئۇنى ناخشا دەپ بىلىپ ئاڭلايدۇ. سەن بولساڭ باشقىلارنىلا دورايدىكەنسەن. ئىگەڭنىڭ سەندىن زېرىككىنىمۇ شۇ. مېنىڭچە، سەن ئۆز ناخشاڭنى ئېيتىشنى ئۆگەنگىن، شۇ چاغدىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايسەن. بىراق، — بۇلبۇل نېمىنىدۇ ئويلاپ كېتىپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — سەن ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان باشقىلارنى دوراپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۆز ھېسسىياتىڭنى ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك ئۆز ناخشاڭنى تېپىۋېلىشىڭمۇ قىيىن!...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆمۈرچىنىڭ جاۋابى

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھامان قول ئاستىدىكىلەردىن مۆمىن بولۇشنى، ئۆزىگە ئۇچراشقاندا، قول قوۋۇشتۇرۇپ، ئۇن - تىنسىز يەرگە قاراپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن، بۇنداق قىلمىغۇچىلارنى دەرھال سوراققا تارتىپ جازالايدىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى بازارنى ئارىلاپ، تۆمۈرچىلىك بازىرىغا بېرىپ قاپتۇ، بۇ يەردىكى جاراڭ - جۇرۇڭ پادىشاھنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ. پادىشاھ يېنىدىكىلەردىن:

— بۇ نېمە غوۋغا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، تۆمۈرچىلەردىن سوراڭ، — دەپتۇ بىرى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ، بىر ياشانغان تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ:

— جاراڭ - جۇرۇڭنى توختات! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. تۆمۈرچى بولقا ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن جىملىقنى بۇزۇپ غوۋغا قىلىسەن؟

— پادىشاھىم، بۇ ئاتا كەسپىم ئىدى، مەن شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرىمەن. جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ غوۋغا چىقارغىنى تۆمۈر، جاۋابنى تۆمۈردىن سورىسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ تۆمۈرچى سالماق ھالدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەي تۆمۈر، — دەپتۇ پادىشاھ تۆمۈرگە، — نېمە ئۈچۈن جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ غوۋغا كۆتۈرىسەن؟

تۆمۈرگە دەرھال زۇۋان كىرىپتۇ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ تۆمۈر، — ئۈستۈمدىكى بازغانمۇ تۆمۈر، ئاستىمدىكى سەندەلمۇ تۆمۈر. ئۆز جىنسىم ئارىسىدا مىجىلغانلىقىمغا يىغلايمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇغا

بىر بۇغا ئۆستەڭگە سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ - دە، يوغان ۋە شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزىنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى زوقلىنىپتۇ، ئاندىن پۇتىغا قاراپ: «پۇتۇم ئەجەبمۇ سەت ھەم ۋىجىك ئىكەن» دەپ، كۆڭلى غەش بوپتۇ.

شۇ ئەسنادا توساتتىن پەيدا بولغان شىر ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بۇغا جېنى-نىڭ بارىچە سايلىققا قاراپ قېچىپتۇ. شىر يېتىشەلمەپتۇ. بۇغا شامالدەك يۈگۈرۈپ بىر ئورمانلىققا كەلگەندە، ئۇنىڭ شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى دەرەخنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىغا ئى-لىنىپ قېلىپ يۈگۈرەلمەي قاپتۇ. ئاڭغىچە شىر كېلىپ بۇغى-نى تۇتۇۋاپتۇ.

بۇ چاغدا بۇغا ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «مەن نېمىدېگەن بىغەرەز - ھە ! مەن ياراتـ-مىغان پۇتۇم جېنىمنى قۇ-تۇلدۇرغانىدى، مەن تەمەننا ئەيلىگەن مۈڭگۈزۈم مېنى بالاغا تىقتى» دەپ ھەسرەت قىپتۇ.



# ئاپىز ئىشەك

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر سودىگەر سەپەر ئۈستىدە ھېرىپ قېلىپ ماغدۇرى قالمىغان بىر ئىشەكنى يولدا تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ. ئىشەك ئۆلەر ھالدا ياتقاندا، بىر ئاق كۆڭۈل تۆگە كېلىپ قاپتۇ ـ دە:

— تۇر، ئاغىنە، ئەپتىڭگە قارىغاندا بېشىڭغا ئېغىر كۈن كەلگەن بىر دەردمەن ئوخشايسەن. ئاۋۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان يايلاق بار. مەن سېنى باشلاپ باراي، بىرنەچچە كۈن تويغۇنۇپ ئوت يېسەڭ، ساقىيىپ قالىسەن، — دەپتۇ.

— ماغدۇرۇم يوق، تۆگە ئاكا، — دەپتۇ ئىشەك ئېچىنىشلىق ھالدا ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، — ماڭا ئەجەل كەلگەن ئوخشايدۇ. ئاھ، قانداق قىلاي! ئۇھ، ۋايجان!...

تۆگىنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۇ قانداق قىلسام بولار؟ دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە، ئاخىر:

— ماڭا ھاپاش بولغىن، — دەپتۇ دەرھال تىز چۆكۈپ.

ئىشەك ئاران مىدىرلاپ ئۆزىنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپتۇ. تۆگە ناھايىتى جاپا بىلەن ئۇزۇن يول بېسىپ ئۇنى بىر گۈزەل يايلاققا ئەكەپتۇ ۋە سۈننىڭ سۈزۈككىنى، ئوتنىڭ ئۈچىنى يېگۈزۈپ ساقايتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشەك بولماقتەك سەمرىپ كېتىپتۇ ـ دە، بىر جايدا تۇرماي، ئوياقتىن ـ

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇياققا سەكرەپ ھاڭراشقا باشلاپتۇ.

— ئاغىنە، قالايمىقان ھاڭراۋەرمىگىن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ تۆگە.

— ھاڭرىسا نېمە بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئېشەك.

— بۇ يەردىن كارۋانلار تولا ئۆتىدۇ، ھاڭراۋەرسەڭ، ئۇ-نۇڭنى ئاڭلاپ ئۇلار يېتىپ كېلىدۇ - دە، سېنىمۇ، مېنىمۇ تۇتۇۋالىدۇ، — دەپتۇ تۆگە.

ئېشەك تۆگىنى ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي كەچكىچە قالايمىقان ھاڭراۋېرىپتۇ.

— يەنە ھاڭرىغىلى تۇردۇڭمۇ؟ بولمىسا، نېرى كەتكىن ! — دەپتۇ تۆگە.

— توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ، ئاغىنە، قورساقتىن غېمىم يوق. ناخشا ئېيتماي قانداق قىلىمەن ! — دەپ، تېخىمۇ بەكرەك ھاڭراشقا باشلاپتۇ ئېشەك.

دېگەندەك، چوڭ يولدا كېتىۋاتقان ئېشەكچىلەر يېتىپ كېلىپ، ئېشەك بىلەن تۆگىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇ ئىككىسىگە نۇرغۇن يۈكنى ئارتىپ ھەيدەپ مېڭىپتۇ. كېتىپ بې-رىپ تۆگە ئەلەم بىلەن:

— سەن ئېيلاسىنىڭ كاساپىتىگە كەتتىم، گەپ ئاڭلاپ ئورۇنسىز ھاڭرىمىغان بولساڭ، بۇ ئىش يوق ئىدى، — دەپ غودۇڭشىپتۇ.

— تولا كايىشماي ماڭ، — دەپتۇ ئېشەك كۆزلىرىنى ئالاي-تىپ، — ھېلى بىكار ئۈستۈمدىكى يۈكنى ساڭا ئارتقۇزىمەن !

— ئىنساپسىز بولغاندىكىن ئۇنىمۇ قىلارسەن تېخى ! — دەپتۇ تۆگە غەزەپلىنىپ.

بىر دەمدىن كېيىن ئېشەك ئۈشتۈمتۈتلا يىقىلغاندەك بوپ-تۇ - دە، يولدا يېتىۋاپتۇ. ئېشەكچىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى تۇرغۇزالماپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يۈكنى چۇشۇرۇپ تۆگىگە ئارتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپتۇ. تۆگىنىڭ ئىچىمۇ ئاچچىقى كېلىپ ئېشەكنى تىللاپتۇ.

— تولا تىللاۋەرمە، — دەپتۇ ئېشەك كۈلۈپ، — ھېلى بەد-كار تىللىغانغا تويغۇزىمەن، ئۆزۈمنىمۇ ئۇستۇڭگە ئارتقۇزىمەن!

— ئىنساپسىزدىن ھەر بالا كېلىدۇ! — دەپتۇ تۆگە دەرغەزەپ بولۇپ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېشەك يەنە يولدا يېتىۋاپتۇ. كارۋانلار ئېشەكنى يەنە ئورنىدىن تۇرغۇزالماپتۇ، تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ، ئاخىر ئۇنى تۆگىنىڭ ئۇستىگە ئارتىپتۇ. بۇ ئەھۋال راستتىنلا تۆگىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋېتىپتۇ.

— ساڭا ئوخشاش ئىنساپسىز ئېشەككە ياخشىلىق قىلغاننىڭ سازايى، — دەپتۇ تۆگە غەزەپتىن تىترەپ.

— تولا كاپشىماي ماڭ، ئۇزۇن ئەخمەق، — دەپتۇ ئېشەك ئۇنى ئىچىمۇ مەسخىرە قىلىپ، — ماڭا ياخشىلىق قىلغىن دەپ سېنى چاقىرىپ كەلمىدىم. ئۆزۈڭ كېلىپ مېنى ھاپاش قىلمىدىڭمۇ؟ ھازىرمۇ غىڭ قىلماي مېڭىۋەر!

تۆگە ئېغىر ئۇھ تارتىپ: «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا، دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئەلەم بىلەن پىچىرلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

# شىر بىلەن تۇرنا

شىر بىلىقچىنىڭ تۇتۇپ قويغان بېلىقلىرىنى ئوغرىلاپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالدىراپ يېگەنىكەن، بېلىقنىڭ قىلتىرىقى كېكىردىكىگە سانجىلىپ قاپتۇ يا يۇتالماپتۇ، يا چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. بارغانسېرى كېكىردىكى ئاغرىپ، ئاغزىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاخىر بولالماي دوختۇر ئىزدەپ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشقا باشلاپتۇ. يولدا بىر تۇرنا ئۇچراپتۇ. شىر ئۇنىڭغا يېلىنىپ:

— تۇرنا ئۇكام، مالال كۆرمەي، كېسىلىمنى داۋالاپ قويساڭ، بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، — دەپتۇ.

— تەقسىر، — دەپتۇ تۇرنا ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم قورقۇپ، — مەن ھېچقاچان بىرەر كېسەل داۋالاپ باققان ئەمەس، تېۋىپلىقتىن قىلچە خەۋىرىم يوق !

— ئۇكام، مېنىڭ بۇ كېسىلىمنى چوقۇم سەن داۋالىيالايسەن، باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مەندىن ياردىمىڭنى ئايىمىغىن، — دەپ بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ شىر.

— خوش، ئۇنداق بولسا، نېمە كېسەل بولۇپ قالدىلا، قېنى ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ تۇرنا ئىلاجسىز.

شىر بوينىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

— مانا، قاراپ باق، بېلىقنىڭ قىلتىرىقى كېكىردىكىمگە سانجىلىپ بەك ئازابلاپ كەتتى. ئۇزۇن تۇمشۇقۇڭنى تىقىپلا ئېلىۋەتسەڭ بولىدۇ.

تۇرنا شىرنىڭ ئاغزىغا تۇمشۇقىنى تىقىشتىن قورقسىمۇ، ئىلاجسىز رازى بوپتۇ ـ دە، ناھايىتى تەستە قىلتىرىقنى ئاپ-تۇ. شىر ئەركىن نەپەس ئاپتۇ ۋە تىلى بىلەن كالپۇكلىرىنى يالاپ، خېلى ئارام تاپقاندەك بوپتۇ.

— تۇرنا ئۇكام، رەھمەت ساڭا. ئەمدى ياردەم قىلغاندىكىن ئاخىرغىچە قىلغىن، سەندىن يەنە بىر ياردەم سورايمەن. سەنمۇ كۆردۈڭ، كېكىردىكىمگە قىلتىرىق تۇرۇۋېلىپ، بىر نەرسە يې-مىگىلى ئىككى كۈن بولدى، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويساڭ...

— شىر ئاكا، — دەپتۇ تۇرنا چۆچۈپ كېتىپ، — مەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتاب تورى بىلىكتى
www.uyghurkitap.com

سىلىنىڭ قورساقلىرىنى قانداق تويغۇزىمەن؟ كېسەللىرىنى ساقايتىپ قويىدۇمغۇ ! سىلى يەنە...

— تولا كاپشىما ! — شىر بىردىنلا شالىنى چىچىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ، — بايا تېخى گەپ قىلمىسام، مەيىنەت تۇمشۇقۇڭنى ئاغزىمغا تىقىۋاتىسىنا؟ ! بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھاقارەت بولامدۇ ! خاتىرەڭنى جەم قىل، مەن سېنى يېمەي قويمايمەن !

— شىر ئاكا، ئۇنداق قىلمىسىلا، — دەپتۇ تۇرنا دىر - دىر تىترەپ، — ئۆزلىرى كېسىلىمنى داۋالاپ قوي، دېگەنىدە - كىن تۇمشۇقۇمنى تىقتىمغۇ؟

شىر تاقىتى تاق بولۇپ:

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي ! كېسىلىمنى داۋالايمەن دەپ جېنىمنى قىيىندىڭ، ئاغزىمدىن بىرمۇنچە قان ئاققۇزدۇڭ، بۇ جىنايىتىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن !

تۇرنا يەنە بىرنىمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا شىر بىرلا ئېتىلىپتۇ - دە، تۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ:

— سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېرىشكە نەدە ۋاقتىم ! قور - سىقىمنىمۇ ئاچۇرۇۋەتتىڭ ! — دەپتۇ ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تۇرنىنى يەۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن «ۋاپاغا جاپا» دېگەن گەپ پەيدا بولغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق توشقان

ئاۋۋىلىنىڭ ئاۋۋىلىسىدا، زامانلارنىڭ زامانىسىدا، زامانە زورنىڭ ئىكەن، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، يولۋاس سوراقچىكەن، بورە قاراقچىكەن، تۈلكە يالاقچىكەن.

شۇ زامانلارنىڭ بىر جاڭگىلىدا يولۋاس پادىشاھ ئالدىغا ئۇچرىغان ھايۋان - جانىۋارلارنى يەپ، جاڭگالغا ناھايىتى ئەن-دىشە سېلىۋەرگەندىن كېيىن، باشقا ھايۋان - جانىۋارلار مەسلىھەتكە كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ. ۋەكىل توققۇز تەزىم بىلەن، مىڭ قىيىن مۇشەققەتتە بولۇنغان مەسلىھەتنى بايان قىپتۇ:

— پادىشاھىئالەم، جانابلىرى ئۆزۈڭلىنىش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ ناھايىتى ئاۋارە بولدىلا. جانابلىرىنىڭ بۇ ئاۋارىگەرچىد-لىكلىرىگە جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋان - جانىۋارلارنىڭ كۆزد-مىز يېتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىنى ئاۋارە قىلمىسا، بىز ئۆزىمىز نۆۋەت بىلەن ھۇزۇرلىرىغا كېلىپ تاماق بولساق، دېگەن مەسلىھەتكە كېلىپ، ئاخىردا جانابلىرىنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلار مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى.

يولۋاس پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. قىلىند-غان ۋەدە بويىچە ھايۋان - جانىۋارلار ھەر كۈنى بىردىن كې-لىپ يولۋاسقا تاماق بولۇپ تۇرۇپتۇ.

شۈنداق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت بىر توكۇر توشقانغا كەپتۇ. توشقان قانداق قىلىپ بولسۇن يولۋاسنى بىر پالاكەتكە ئۇچرىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، كۆڭلىگە بىر ئوي پۈكۈپتۇ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ كېلىپتۇ. يولۋاسنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمىشقا ۋاقىتقا قالدىڭ، ئاۋاق؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ.

— كەچۈرسىلە، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ توشقان، — جانابلىرىنى مۇنچىۋالا كۈتتۈرۈپ قويۇشقا مېنىڭ جېنىم ئۇن ئەمەس. جانابلىرى كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، مەن بولسام راستىنىلا بىر ئاۋاق، بىر كۈنلۈك تاماقلىرى ئۈچۈن ئازلىق قىلىمەن. شۇ يەرلىرىنى ئويلاپ خىجالەت بولۇپ، ئاخىر بىر تۇغقىنىمنى بىللە ئەكېلىۋاتاتتىم، يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئالدىمىزنى توسۇپ بەك ئاۋارىچىلىككە سالدى. بىز قۇتۇلۇشنىڭ ھېچبىر ئامالىنى قىلالمىدۇق، ئاخىر ئۇ يولۋاس مەن بىلەن بىللە كېلىۋاتقان تۇغقىنىمنى تۇتۇۋالدى، مېنىڭ بىر پۈتۈمنى ناكار قىلدى. مەن مانا مۇشۇ سەۋەبتىن كېچىكتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈممۇ مىڭ بىر خىجالەتتە.

يولۋاس بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— كىم ئىكەن ئۇ مېنىڭ رىزقىمغا چاڭگال سالىدىغان؟! يۈر، مېنى شۇنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپارغىن! — دەپ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي، توشقاننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. يولۋاسنىڭ بۇ پەيلى توشقاننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتىگە بەك ئەپ كەپتۇ ـ دە، يولۋاسنى ئەگەشتۈرۈپ بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا ئەكەپتۇ.

— مانا، تەقسىر، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئەنە تۇرىدۇ ئۆزى، يېنىدا ھېلىقى توشقانمۇ بار، تېخى ماڭىمۇ ئې-

تىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپتۇ.

يولۋاس قۇدۇقنىڭ تۇۋىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەم يېنىددىكى توشقاننىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. يولۋاس تەرىنى تۇرۇپ، چىشلىرىنى ھىجايتسا، قۇدۇقتىكى شولىسىمۇ شۇنداق قىلىۋاتقان. بۇ ئەھۋالغا چىديالمىغان يولۋاس ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنى بىر ئېتىپتۇ — دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توكۇر توشقاننىڭ تاپقان ئامالى بىلەن جاڭگالدىكى باشقا ھايۋان - جانىۋارلارمۇ يولۋاستىن قۇتۇلۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پاقا بىلەن چاشقان

بىر سازلىق كۆلدە بىر چارپاقا بار ئىكەن. كۆل بويىدىكى ئەسكى تامنىڭ تېگىدە بىر قېرى چاشقان ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چارپاقا كۆل بويىغا چىقىپ ئاپتاپقا قاقلانغاچ پاشا، چىۋىن، كۇمۇتا تۇتۇپ يەپ ئولتۇرسا، بىر قېرى چاشقان كامىرىدىن چىقىپتۇ ـ دە، ئاستا پاقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پاقىجان، نېمە قىلىپ يۈرىسەن بۇ يەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي... چاشقانباي، نېمە قىلاتتىم، دادامنىڭ كەسپىنى قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاقا. چاشقان پاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— بەللى... تازا ئەخمەق ئىكەنسەن ـ دە، شۇمۇ كەسىپ بولدىمۇ؟ «تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك» شۇنچىۋالا بويۇڭ بىلەن پاشا، كۇمۇتا تۇتۇپ، قوۋزۇڭ تولغۇدەك بىرنېمە كۆرمەي جاپا تارتقىنىڭ نېمىسى؟ مانا مەندەك قىلساڭ بولمامدۇ؟ مانا قارا، مۇشۇ ئېتىزلاردىكى جىمى بۇغداي مېنىڭكى، — دەپ راسا پىشىپ كېلىۋاتقان ساپسېرىق بۇغداي باشاقلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. پاقا چاشقاننىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ:

— گېپىڭنىڭ تازا تېگىگە يېتەلمىدىم، چاشقانباي. بۇ

بۇغدايلار دېھقاننىڭ ئەمەسمۇ، قانداق قىلىپ سىنىڭ بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەخمەق، — دەپتۇ چاشقان، — دېھقان بۇغداينى ھەممىشە ساقلاپ ياتامتى؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيمۇئۆي يۈگۈرۈپ ياخشى نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرىمەن، خالىسام قىرقىيمەن، خالىسام تېشىمەن، يازچە ئېتىزلاردىن ئاشلىق يىغىمەن، قىشچە ئۇڭدا يېتىپ يەيمەن. ھازىر ئامبىرىمدا قانچىلىك ئاشلىقىم بارلىقىنى كۆرگەن بولساڭ، باتۇرلۇقۇمغا ھەيران قالاتتىڭ.

پاقا چاشقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ياق، چاشقان، مەن سەندەك باتۇر ئەمەس، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. پاشا، چىۋىنلەر كىچىك بولسىمۇ، قانائەت قىلىپ ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن كەچۈرگىنىم ياخشى، — دەپ،



چاكىكىدا ئاغزىنى ئېچىپلا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر چىۋىنىنى تۇتۇۋېتۇ. چاشقان تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئەخمەق، قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ، ئالەم مۇشۇ دەيسەن، ئەگەر مېنىڭ كەينىمگە كىرسەڭ، نى - نى ئايۋان - سارايلارغا باشلاپ بېرىپ، نەچچە يىل يېتىپ يېسەڭ تۈگىمىگۈدەك پاشا - چىۋىننىڭ ئۇۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ چاشقان.

ئاق كۆڭۈل، سادда پاقا چاشقاننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، مەيلى، چاشقان دېگەن كۆپنى كۆرگەن نەرسە، ماڭا قارىغاندا جىق نەرسىنى بىلىدىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق دوست بوپتۇ. كېيىن چاشقاننى ئۇستاز تۇتۇپ، تەلىم ئالىدىغان بوپتۇ. ئۇلار كۈندە بىرقانچە ۋاخ بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇربىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاشقان پاقىغا يول كۆرسىتىپ ئادەم-لەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ئاشلىق ساڭلىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، كىر-مىگەن ئۆيى، ئاتلىمىغان بوسۇغىسى قالماپتۇ. ئۇ قايتاشىدا پاقىنى چوڭ يولغا باشلاپ چىققانىكەن، پاقا مال - ۋاراننىڭ ئايىغى ئاستىدا قېلىپ، دەسسىلىپ ئۆلگىلى قىل قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. پاقا بىلەن چاشقاننىڭ ئولتۇراق جايلىرى باشقا - باشقا يەردە بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشالمايدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان چاشقان پاقىغا شۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— دوستۇم پاقىجان، مەن سىنى بىردەم كۆرمىسەم تۇرالمايمەن، سەنمۇ مېنى بىردەم كۆرمىسەڭ چىدىيالمايسەن. مەن قۇرۇق يەردە ياشايدىكەنمەن، سەن بولساڭ سۇدا، ساز-لىقلاردا ياشايدىكەنسەن. بەزى كۈنلىرى كۆرگۈم كېلىپ ئىز-دەپ كەلسەم، سىنى تاپالماي قۇرۇق كېتىدىكەنمەن. شۇڭا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن يىپ تېپىپ كېلەي، بىر ئۇچىنى سەن پۇتۇڭغا باغلى-
غىن، بىر ئۇچىنى مەن پۇتۇمغا باغلاي، قاچان بىر - بىرى-
مىزنى كۆرگۈمىز كەلسە، يىپنى تارتىپ تېپىشايلى، قانداق دەي-
سەن؟ مېنىڭ ساڭا ئۆگىتىدىغان جىق ھۈنەرلىرىم بار تېخى!

بۇ مەسلىھەت پاقىغىمۇ تازا يېقىپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر-
نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. چاشقان كامىرىدا يېتىپ، مېنىڭ پاقا
بىلەن دوست بولغىنىم ياخشى بولدى، ۋاقتانىۋاق كېلىپ،
مېنى ئاشلىق ئوغرىسى دەپ تۇتۇۋالغۇدەك بولسا، پاقىنى
كۆرسىتىپ قويىمەن - دە، پۇتۇمدىكى يىپنىڭ ئۇچىنى قىر-
قىۋېتىپ كامىرىمغا يوشۇرۇنۇۋالىمەن. يىپنى بويلاپ بېرىپ،
پاقىنى نېمە قىلسا مەيلى، دەپ ئويلاپ خۇشال بوپتۇ.

بىر كۈنى چۈشلۈك غىزادىن كېيىن ھەممە ئۇيقۇغا كەت-
كەندە چاشقان كامىرىدىن چىقىپ، كىچىككىنە بىر پارچە ئې-
تىزدىكى بۇغدايلارغا قاراپ:

«بەللى، زەپ ئوخشاپتۇغۇ بۇ ئاشلىقلار! قىش بويى يەيدىغان
ئوزۇقۇم مۇشۇ ئاش بىلەن پۈتىدىغان بولدى» دەپتۇ ۋە ئاچ كۆز-
لۈك بىلەن دېھقاننىڭ باغلاپ قويغان بۇغداي ئۆنچىلىرىگە قاراپ
ئېتىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەسكى تامنىڭ ئۈستىدە بىر قاغا ئول-
تۇرغانىكەن، ئۇ ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ چاشقاننى ئالغان پېتى
ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قاغا يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى چاشقاننىڭ
پۇتىغا چىگىلگەن يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى پاقىمۇ كۆلدىن
سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاسماندا مۇئەللەق ئېسىلىپ مېڭىپتۇ.
قاغا قانچە - قانچە يەرلەردىن ئۇچۇپ، تاغ - تاشلارنى كېزىپ،
شەھەرنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئايلىنىپ ئۆتۈپتۇ. ئاسمانغا قارىشىپ
تۇرغان خالايىق بۇ ئاجايىپ ھادىسىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. شۇ
چاغدا ئاسماندا مۇئەللەق ئېسىلىپ قالغان پاقا:

— خالايىق!!! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، «قازانغا يولۇقساڭ

قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن شۇ. ئاتا - بوۋامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك گېپىنى ئېسىمدە تۇتماي، بىخۇدلۇق قىلىپ، مەككار چاشقان بىلەن ئاپاق - چاپاق دوست بولغاننىڭ جاجىسىنى تارتتىم، — دەپ نالە - زار قىلىپ ۋارقىراپتۇ. خالايىقنىڭ بەزىلىرى:

— پاقىنىڭ گېپى توغرا، ئۇنىڭدا ئەيىب يوق، — دېسە، بەزىلىرى:

— ياق، چاشقاننىڭ يامان، مەككارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغاندىكىن ئۇنىڭدىمۇ گۇناھ بار، — دەپ مۇھاكىمە قىلىشىپتۇ.

ئاقىۋەت قاغا شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چەترەك بىر جايدا دەرەخكە قونۇپتۇ - دە، چاشقانغا تۇتۇش قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا يىپقا ئېسىلىپ دەرەخ تۇۋىدە ساڭگىلاپ تۇرغان پاقىنى كۆرگەن دېھقان ئاستا بېرىپ يىپنىڭ ئۇچىدىن پاقىنى ئاجرىتىۋېلىپ: «بىچارە نادان پاقا» دەپ، كۆل بويىغا قويۇپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سۆلەيسۇننىڭ پادىشاھ بولۇشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر جاڭگاللىقتا تۈرلۈك ھايۋانلار ياشايدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە سۆلەيسۇن دەيدىغان بىر ھايۋانمۇ بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى سۆلەيسۇن ئوزۇق ئىزدەپ بىر مەھەللىگە بېرىپ، دەرۋازىسى ئوچۇق بىر ھويلىغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ بىر بوياقچىنىڭ ھويلىسى ئىكەن. ھويلىدا يىرىمدىغىچە يەرگە كۆمۈلگەن نۇرغۇن ياغاچ تۇڭلار بولۇپ، ھەر خىل رەڭ چىلاپ قويۇلغانىكەن. ھويلىسىغا سۆلەيسۇن كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بوياقچى دەرۋازىسىنى ئېتىپتۇ ــ دە، قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ، سۆلەيسۇننى تۇتماقچى بولۇپ قوغلاپتۇ. سۆلەيسۇن ھويلىنىڭ ئىچىدە قېچىپ يۈرۈپ، ھەر خىل رەڭ چىلانغان تۇڭلارغا چۈشۈپ چىقىپتۇ ــ دە، ئاخىر جان ئاچچىقىدا تامدىن سەكرەپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. جاڭگالغا يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ مويى قۇرۇپ ئاجايىپ چىرايلىق تۇسكە كىرىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ تائىپىسىدىكى سۆلەيسۇنلەر ھەر خىل رەڭلەردە مويى جۇلالىنىپ چاقناپ تۇرغان بۇ سۆلەيسۇننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئەتىسى بىر قېرى سۆلەيسۇن سۆلەيسۇنلەرنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپتۇ.

ـــ ماڭا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ ئۇ، ـــ بۇ جاڭگالدا ھازىرغىچە بۇنداق چىرايلىق ھايۋان تۆرەلمىگەن.

بىز بۇ قىبرىندىشىمىزنى جاڭگالدىكى ھايۋانلارغا پادىشاھ قىلايلى. شۇنداق قىلساق، ھەممىمىز پادىشاھ ئەۋلادى بولۇپ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشايمىز.

بۇ پىكىر سۆلەيسۇنلەرگە يېقىپتۇ. ئۇلار دەرھال جاكار يېزىپ، سېغىزخان ۋە قاغىلار ئارقىلىق جاڭگالدىكى پۈتۈن ھايۋانلارغا ئېلان قىپتۇ:

ئەيىيۇھەنناس، ئەيىيۇھەنناس،
ئاڭلىمىغانلارنىڭ قۇلىقى گاس.
چىقتى گۈزەل بىر جاناب،
ئۈزۈن يىل قىلغاچ تاۋاپ...
شۇ زات بىزگە شاھ بولسا،
ئەل ـ يۇرتىمىز بولۇر ئاۋات.

جاڭگالدىكى ھايۋانلار يىغىلىپ بولغۇچە سۆلەيسۇنلەر تەخت ياساپ «گۈزەل» سۆلەيسۇننى تەختكە چىقىرىپ، ئەتراپىنى قوغداپ تۇرۇپتۇ. ھەممە يىغىلىپ قارىغۇدەك بولسا، ھەقىقەتەن تەختتە بۇ ئىقلىمدا كۆرمىگەن، ھەربىر تال مويى نەچچە خىل نۇر چېچىپ تۇرغان بىر جانىۋار ئولتۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ھايۋانلار ئۇنى پادىشاھ دەپ تونۇپ چوقۇنۇپتۇ.

قېرى سۆلەيسۇننىڭ مەسلىھەتى بويىچە توشقان قاتارلىق ھايۋانلارغا تەختكە يېقىن جايلارغا جايلىشىش بۇيرۇلۇپتۇ. شىر، يولۋاس، ئېيىق ۋە باشقىلارغا تەختتىن يىراقتا جايلىشىش ۋە پادىشاھنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش تاپشۇرۇلۇپتۇ.

بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ، بىر ئايمۇ ئۆتۈپتۇ. سۆلەيسۇنلەر ئويناپ ـ كۈلۈپ ھالاۋەتتە ياشاپتۇ، لېكىن يولۋاس، شىرلارنىڭ زەردىسى قايناپتۇ.

ــ ئەزەلدىن جاڭگالنى بىز سوراپ كەلگەن، بۇ پادىشاھ-

نىڭ قانچىلىك كارامىتى بار؟ ! بىزمۇ شۇنچىۋالا قاۋۇل تۇ-رۇقلۇق ئۇنىڭغا قۇل بولىمىزمۇ؟ ! — دەپتۇ يولۋاس.

— بىرەر ئاي بولدى، كارامىتى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاۋا-زىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق. بۇ جاڭگالنى قاغا، ھۇۋقۇشلارنىڭ سەت ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتتى، — دەپتۇ ئېيىق.

سىغىزخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ - دە، پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. سۈلەيسۇنلەر مەسلىھەتلىشىپ، ھەر كېچىسى بىرنەچچە قېتىم ۋارقىراشنى قارار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر كېچىسى ھەممە سۈلەيسۇنلەر تەڭ ۋارقىرايدىغان بوپتۇ. نۇرغۇن سۈلەيسۇنلەرنىڭ ئالىتاغىل ئاۋازى جاڭگالدا قورقۇنچلۇق سادا پەيدا قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلىغان ھايۋانلار:

— پادىشاھنىڭ ئاۋازى قالتىس دەھشەتلىك ئىكەن، ئاۋا-زىغا قارىغاندا كۈچىمۇ زور ئوخشايدۇ، — دېيىشىپتۇ.

يەنە نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، سۈلەيسۇنلەر ھالاۋەتتە ياشاپ-تۇ، باشقا ھايۋانلار بۇرۇقتۇرمىلىقتا قاپتۇ. بىر كۈنى دەھشەتلىك بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، ياغ-قاندىمۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يېغىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ، جاڭگال قۇرۇشقا باشلاپتۇ. ھايۋانلار پادىشاھ-تىن ھال سوراپ قويايلى، دەپ تەخت ئالدىغا توپلىنىپتۇ، لېكىن ھەممىسى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئىلگىرى ئۆزلىرى كۆرگەن گۈزەل پادىشاھ ئولتۇرىدىغان تەختتە ئادەت-تىكى بىر سۈلەيسۇن تۇرغۇدەك، تەخت ئەتراپىدىكى ئويمانلار-غا يىغىلىپ قالغان سۇلار رەڭ سىلىنغاندەك تۇرۇپتىمىش. باشقا ھايۋانلار سۈلەيسۇنلەرنىڭ ھىيلىسىنى چۈشىنىپتۇ. غە-زەپلەنگەن يولۋاس بىر نەرە تارتقانىكەن، سۈلەيسۇنلەر قۇيرۇقىنى قىسىپ تىكىۋېتىپتۇ. «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» دې-گەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىمىن يالغانچى

ئىمىن ئاتلىق بىر قويچى بالا بار ئىكەن. ئۇ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دۆڭدە قوي باقىدىكەن. ئۇ دائىم يالغان گەپ قىلىپ، كىشىلەرنى ئالداشنى ئادەت قىلىۋالغاچقا، بىر كۈنى يەنە كىشىلەرنى ئالداپ ئوينىماقچى بوپتۇ ـ دە، كەنتكە قاراپ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ:

— ۋاي بۆرە كەلدى ! چاپسان بولۇڭلار، بۆرە كەلدى !

كەنتتىكىلەر ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ قويلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بۆرە يوق.

— قېنى بۆرە؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەر.

— ئوينىشىپ ۋارقىراپ قويغانىدىم، — دەپتۇ ئىمىن يالغانچى ھىجىيىپ. كىشىلەر خاپا بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە شۇنداق ۋارقىراپتۇ. كىشىلەر يەنە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ كەلسە، يەنە بۆرە يوق. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر: «بۇ يالغانچىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيلى» دېيىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا بۆرە كېلىپ قاپتۇ. ئىمىن يالغانچى قورقۇپ كېتىپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. بىراق كىشىلەر: «ئۇ بىزنى يەنە ئەخمەق قىلىدۇ» دەپ، كەلمەي قويۇپتۇ. بۆرە ئۇنىڭ بىرمۇنچە قويىنى قىرىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قويچى بالا يالغانچىلىقنىڭ زىيىنىنى تارتىپتۇ.

# خوراز بىلەن تۈلكە

بىر كۈنى بىر خوراز باغ ئىچىدە دانلاپ يۈرسە، ئالدىغا بىر تۈلكە كېلىپ قاپتۇ. تۈلكە خورازنى شۇنداق تۇتاي دېيىشىگە خوراز چاققانلىق بىلەن بىر سەكرەپ دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئامالسىز قالغان تۈلكە خورازغا ھىيلە ئىشلىتىپ:

— مەزىن ئاخۇنۇم، يەرگە چۈشۈڭ، بىللە ناماز ئوقۇيلى، — دەپتۇ. خوراز دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ قولىنى ئىما قىلىپ:

— ئاۋۇ ئۆيدە ئىمام بار، چاقىرىپ چىقسىلا، ھەممىمىز بىرلىكتە ناماز ئوقۇيلى، — دەپتۇ. نەپسى تاقىلداپ كەتكەن تۈلكە ئۇ ئۆيگە كىرگەنىكەن، يوغان بىر تايغانغا ئۇچراپ قاپتۇ. تايغان تۈلكىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوراز خۇشال بولۇپ، قاناتلىرىنى قېقىپ:



— قى، قى، قى، ئەمدى جامائەتنى يىغاي، — دەپ قىچقىرىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئوتۇنچى بىلەن ئېيىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن. بۇ ئوتۇنچى-
نىڭ بىرەرمۇ ئوغلى يوق ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ جاڭگالدىن
ئوتۇننى ئۆزى بازارغا يۈدۈپ ئاپىرىپ ساتىدىكەن، ئەمما ئوتۇن
سېتىپ تاپقان پۇلى قورسىقىنى تويغۇزۇشقا يەتمەي، ھەر كۈ-
نى يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى جاڭگالدا ئوتۇن ئېلىۋاتسا، تۇيۇق-
سىز ئالدىدىن بىر ئېيىق چىقىپ قاپتۇ. ئوتۇنچى نېمە قى-
لىشىنى بىلمەي تۇرسا، ئېيىق ئادەم تىلىدا سۆزلەپتۇ:

— مەن ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ جاڭگالدا ياشايمەن. سې-
نىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېتىدىغان-
لىقىڭنى بىلىمەن. بىراق، سەن ياخشى ئوتۇنلارنى تاپالمايۋا-
تىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقتىڭنىڭ كۆپ قىسمى ئوتۇن ئې-
لىشقا كېتىپ، بىر كۈندە بازارغا ئاران بىر قېتىم بېرىۋاتى-
سەن. كەل، ئىككىمىز دوست بولايلى. مەن ساڭا ئوتۇن تەي-
يارلاپ بېرەي، سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوتۇننى بازارغا ئېلىپ
بېرىپ سېتىشنىلا بىل.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئوتۇنچى ئېيىق دوستى تەييارلاپ
قويغان ياخشى ئوتۇنلارنى بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم
بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئاز كۈندىلا ھال - ئوقىتى ياخشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىنىپ بىر ئىشەكلىك بولۇپ قاپتۇ، ئۇچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ يىڭىلىنىپتۇ، ھەر قېتىم ئوتۇنغا بارغىنىدا ئېيىق دوستىغا يەيدىغان بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ئېيىق ئوتۇنچىنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئوتۇنچىمۇ ماقۇل دەپ ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپتۇ. ئېيىق ئوتۇنچىنى ئوبدان مېھمان قىپتۇ. بىراق، ئۇلار گەپتىن گەپ چىقىپ قىزىرىشىپ قاپتۇ. سەپرا ئوتۇنچى ئېيىقنى:

— ھايۋان دېگەن ھامان ئەقىلسىز ھايۋان. سېنىڭ بىلەن دوست بولۇپ يۈرگەن مەنمۇ بىر ئەخمەق ! — دەپ تىللاپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ دوستلۇقنىڭ يۈزىنى قىلماي شۇنچە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەۋاتقانلىقىدىن ئېيىق قاتتىق رەنجىپتۇ، بىراق چاندۇرماپتۇ. شۇ ئارىدا كەچ كىرىپ قاپتۇ. ئوتۇنچى كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىكەن، ئېيىقنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— يول خەتەرلىك، قونۇپ قالغىن، — دەپتۇ. ئوتۇنچىمۇ ئىلاجىسىز ماقۇل بوپتۇ، بىراق بۇ ئەبلەخ بىلەن قىزىرىشىپ قالدىم، ئەمدى ماڭا قەست قىلىپ قويمىغىدى، دەپ ئويلاپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، ئېيىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئېيىق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوتۇنچى ئاس-تا ئورنىدىن تۇرۇپ، پالتا بىلەن ئېيىقنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ بىرنى سايتۇ، ئېيىقنىڭ بېشىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ هوشىدىن كېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئېشىكىگە مىنىپتۇ ـ دە، تىكىۋېتىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئوتۇنچى باشقا جاڭگالغا بارىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ جاڭگالدا ئو-تۇن ئېلىۋاتسا، ئالدىدىن ئۆزىنىڭ هېلىقى ئېيىق دوستى چىقىپ قاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوتۇنچى ئېيىققا قاراپ:

— ئېيىق دوستۇم، مەن قارا نىيەتلىك قىلىپ، بولتۇر سې-نى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، پالتا بىلەن چاپقانىدىم. مەن بۇ گۇنا-ھىمنى بوينۇمغا ئالىمەن. ئەمدى مېنى نېمە قىلساڭ مەيلى، — دەپتۇ.

— هەر هالدا ياخشى ئىش قىلمىدىڭ، — دەپتۇ ئېيىق، — گۇناھىڭنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بولدى قىلدىم. پالتا چاپقان يەرنى كۆرۈپ باقە، قانداق بولۇپ قالدىكىن؟

ئوتۇنچى ئېيىقنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ قاراپ بېقىپ-تۇ، پالتىنىڭ ئىزى يوق، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

— سەن پالتا بىلەن چاپقان جاراھەت ساقايدى، لېكىن تىلىڭ بىلەن دىلىمغا چېپىلغان جاراھەت تېخى ساقايمىدى، — دەپتۇ ئېيىق ۋە جاڭگالغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر رىۋايەتتە «تىغ يارىسى ساقىيار، دىل يارىسى ساقاي-ماس» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغان، دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىزغانچۇق كالا

ناھايىتى گۈزەل، كەڭرى بىر يايلاق بار ئىكەن. بۇ يەردە ھەر خىل ھايۋانلار ئوتلايدىكەن. بىراق، بۇلارنىڭ تولىسى قىزغانچۇق بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىكەن، بىرىنى بىرى ھەرگىز يېنىغا كەلتۈرمەي، يىراق - يىراقلاردا تارقاق ئوتلايدىكەن، بىرى ئاچ قېلىپ ئۆلسىمۇ، يەنە بىرىنىڭ كارى بولمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كالا ئۆزى ئىگىلىۋالغان كەڭرى بىر پارچە يەردە ئوتلاۋاتسا، بىر قېرى قوي كېلىپ كالىنىڭ يېنىدا ئوتلىغىلى تۇرۇپتۇ. كالا قىزغانچۇقلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپتۇ - دە:

— ھە، نېمىدەپ كەلدىڭ بۇ يەرگە؟ مەن يەيدىغان ئوتنى يەۋاتىسىنا؟! يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك كالا ئاكا، — دەپتۇ قوي مۇلايىملىق بىلەن، — كۆرۈپ تۇرۇپسىز، يايلاق بولسا شۇنچە كەڭرى، ئوت - چۆپ دېگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەر ئىككىمىزگىلا ئەمەس، باشقىلار كەلسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. مەنمۇ ئوتلاي، سىزمۇ ئوتلاۋېرىڭ. بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ، دۈشمەن كەلسە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، دوستانە ئۆتەيلى.

— تولا كاپشىما! نەگە بارساڭ بار، يوقال بۇ يەردىن! —

دەپ ۋارقىراپتۇ كالا ۋە قوينىڭ شۇنچە چىرايلىق سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماپتۇ.

— ئۇنداق قىلماڭ، كالا ئاكا، — دەپتۇ قوي يەنە يالۋۇرۇپ، — مەن ئۆتنى سىزدەك چاينىمايلا يالماپ يۇتمايمەن، پەقەت ئۆتنىڭ ئۇچىنىلا يەيمەن، بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوق...

لېكىن، قىزغانچۇق كالا بىچارە قوينى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇسۇشكە باشلاپتۇ. ئاخىر بىچارە قوينىڭ ئۇچەي - باغرىنى چۇۋۇپ تاشلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئىككى ئاچ بۆرە كېلىپ قاپتۇ. كالا دەرھال قېچىپتۇ، لېكىن بىچارە قوي ئېغىر يارىلانغانلىقتىن قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئورنىدىنمۇ تۇرالماي يېتىپ قاپتۇ ۋە قېچىپ كېتىۋاتقان قىزغانچۇق كالىنى غەزەپ بىلەن قارغاشقا باشلاپتۇ:

— سەن قىزغانچۇق، ئاچ كۆز ئىپلاس، مېنى مۇشۇنداق ناكار قىلىپ قويمىغان بولساڭ، مەنمۇ قېچىپ كېتەلەيتتىم ياكى ئىككىمىز بىر بولۇپ بۆرە بىلەن ئېلىشاتتۇق. ئالدىرىماي تۇر، مۇشۇ قىزغانچۇقلۇقۇڭ، ئاچ كۆزلۈكۈڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنىڭمۇ بېشىڭغا چىقىدۇ!

بۆرىلەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىچارە قوينى پاك - پاكىز يەۋېتىپ يەنە مېڭىپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن كالا شۇ قاچقىنىچە يايلاقنىڭ ئۇ چېتىدىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە بىر ئات ئوتلاۋاتقانىكەن، كالا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەمدىلا ئوتلىشىغا ئاتمۇ قىزغانچۇقلۇق قىلىپ ۋارقىراپتۇ:

— نەدىن كەلگەن ئاچ ئەرۋاھسەن؟ يوقال!

— بۇرادەر ئات، ماڭا رەھىم قىلغىن، يايلاق كەڭرى، سەنمۇ ئوتلا، مەنمۇ ئوتلاي، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يەنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەمراھ بولۇپ ياشايلى، — دەپتۇ. ئات ئۇنىماپتۇ، ھەتتا كالىنى تېپىشكە باشلاپتۇ، ئات تېپىۋېرىپ كالىنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. كالا يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئىككى بۆرە بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئات دەرھال قېچىپتۇ، كالا بولسا قاچالماپتۇ.

— ھە، نەگە بارماقچىدىڭ؟ — دەپتۇ بۆرىلەر خۇشال بولۇشۇپ، — بايا قېچىپ كېتىۋىدىڭ، ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەنسەن!

كالىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپتۇ. بايىلا قويىنىڭ: «ئالدىرىماي تۇر، مۇشۇ قىزغانچۇقلۇقۇڭ، ئاچ كۆزلۈكۈڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سېنىڭمۇ بېشىڭغا چىقىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئۆز قىلمىشىدىن ئېچىنىپ:

«بىچارە قوي، گېپىڭ توغرا ئىكەن، قىزغانچۇقلۇق، ئاچ كۆزلۈك قىلمىغان بولسام، سېنىڭ جېنىڭغىمۇ زامىن بولمايتتىم، مەنمۇ بۇ ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم. خەير، ئاتمۇ ماڭا قىزغانچۇقلۇق قىلدى، بۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىمۇ ئاخىر بىر كۈنى بېشىغا چىقىدۇ!» دەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

بۆرىلەر بولسا كالىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.



# ھورۇن بالا

بىر دېھقان ئون ياشلاردىكى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئىش بىلەن بازارغا مېڭىپتۇ، يولدا كېتىپ بېرىپ، ئاتىنىڭ بىر كونا تاقىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئوغلىغا:

ــ بالام، ئاۋۇ تاقىنى ئېلىپ خۇرجۇنۇڭغا سېلىپ قويغىنا، لازىم بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

بۇ بالا ناھايىتى ھورۇن ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئاتايىن يەرگە ئېڭىشىپ تاقىنى ئېلىشتىن ئېرىنىپ:

ــ ئۇ كونا تاقىنى نېمە قىلىمىز، دادا، بولدىلا، كېتەۋېرەيلى، ــ دەپ ئالماپتۇ.

ــ ئۇنداق دېمە، ئوغلۇم، «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق» دېگەن گەپ بار. بىر قېتىم يەرگە ئېڭىششتىن ئېرىنمىگىن.

ــ بولدىلا، دادا، ــ دەپتۇ بالا يەنە.

دادىسى ئاخىر تاقىنى ئۆزى ئاپتۇ، بازاردا ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھېلىقى تاقىنى تۆمۈر ـ تەرسەكچىلەرگە بىر تەڭگىگە سېتىپ، ئۇنىڭغا جىگدە سېتىۋاپتۇ ـ دە، جىگدىنى يانچۇقىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. بالىنىڭ قورسىقى ئاچقاچلىقتىن جىگدىنى بەكمۇ يېگۈسى كەپتۇ، بىراق دادام ھېلى بېرىدىغۇ دەپ، گەپ قىلماي مېڭىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن دادىسى جىگدىنى بىر تالدىن يەرگە تاشلاپ مېڭىپتۇ. بالا

خۇشال بولۇپ، ھەربىر تال جىگدىگە بىر ئېغىشىپ تېرىپ يەپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە بالا نەچچە ئون قېتىم ئېغىشىپتۇ.

— قانداق، بالام؟ — دەپتۇ دادىسى ئوغلىغا قاراپ، — بايا تاقىنى بىر قېتىم يەرگە ئېغىشىپ ئېلىشتىن ئېرىنگەنىدىڭ، مانا ئەمدى شۇ تاقا سېنى نەچچە ئون قېتىم يەرگە ئېغىشتۇردى. ئېسىڭدە بولسۇنكى، كىچىككىنە نەرسە بولسىمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلماي تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىشتىن قاچقىنىڭ بىلەن بەربىر قورساقتا تۇتۇلۇپ قالىسەن !



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بويى يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئاچ قالغان تۈلكە باغقا كىرىپتۇ. باراڭدىكى مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن ئۈزۈملەرگە قاراپ تۈلكىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلىپتۇ. ئۇ ئۈزۈمدىن راسا يەپ قورسىقىنى تويغۇزماقچى بوپتۇ، بىراق باراڭ ئېگىز بولغاچقا، ئۈزۈملەرگە بويى يەتمەپتۇ، سەكرەپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ. تۈلكە كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ سەكرەپتىكەن، بىراق يەنىلا ئالالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تۈلكە ھەممە ئامالالارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۈزۈملەرنى يېيەلمەپتۇ. ئۇ ئۈزۈملەرگە قاراپ «ئۇھ» تارتىپ:



«ھەي، بۇ ئۈزۈملەر تېخى پىشماپتۇ. خام ئۈزۈم ئاچچىق بولىدۇ، يېسە چىشنى قامىتىدۇ. پىشقاندا كېلىپ يەي» دەپتۇ ـ دە، تۆكۈرۈكىنى يۇتقىنىچە باغدىن ئاستا چىقىپ كېتىپتۇ.

«بويى يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# خوراز بىلەن بۆرە

بىر بۆرە دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغان خورازنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالداپ يېمەكچى بوپتۇ ـ دە، ئاستا دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ.

ــ ھەي خوراز، مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، ــ دەپتۇ بۆرە، ــ يېقىندا ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە قارا سانىماسلىق، بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلماسلىق، بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرۇلۇق توختام تۈزۈلدى، ئەمدى بۇرۇنقىدەك بىزدىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ. يەرگە چۈش، دوست بولايلى.

خوراز بۆرىدىن ھېچقاچان ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، چاندۇرماي:

ــ بۆرە دوستۇم، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن. لېكىن، ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرساڭ، سېنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئىت ئاغىنەم كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلماقچىدى، ئۇلارمۇ ھازىرلا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ چۈشەي، ھەممىمىز بىللە ئوينايلى، ــ دەپتۇ.

بۆرە خورازنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىككى ئىت يېتىپ كەلسە، ئۆزىنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قۇيرۇقىنى قىسقان پېتى قېچىپتۇ.

— ھەي ئاغىنە، نېمشقا قاچىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ خوراز، — توختام تۈزۈلدى دەۋاتاتتىڭغۇ !
— ۋاي خوراز ئاغىنە، ئۇ ئىككىسى توختامنى ئاڭلىغاچقا بۇزغاندۇ، ھەر ھالدا پەخەسرەك بولاي، — دەپتۇ بۆرە قېچىپ كېتىپ بېرىپ. خوراز ئۇنىڭ كەينىدىن:
— ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى ئۆچكە

ئۆستەڭگە قويۇلغان تار بىر تال ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى ئۆچكە تەڭلا كېلىپ قاپتۇ.

— سەن توختاپ تۇر، ئاۋۋال مەن ئۆتۈۋالاي، — دەپتۇ ياغاچنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئۆچكە.

— ياق، سەن توختاپ تۇرغىن، مەن ئاۋۋال ئۆتۈۋالاي، — دەپتۇ ياغاچنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆچكە.

— ياق، ئاۋۋال مەن ئۆتىمەن!

— نېمە ئۈچۈن سەن ئۆتەتتىڭ، مەن ئۆتىمەن!

— مەنمۇ ساڭا يول بەرمەيمەن!

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ياغاچنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىۋېلىپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشكە ۋە ئۈسۈشكە باشلاپتۇ. ئاخىر ھەر ئىككىسى يىقىلىپ كېتىپ، سۇنىڭ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# بېخىل باي

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېخىل باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مىڭلاپ مال چارۋىسى، ئامبار ـ ئامباردا ئاشلىقى، ھېسابسىز پۇل ـ پۇچەكلىرى بار ئىكەن، بىراق ئۆيلەنسە خوتۇنىنىڭ قورسىقىنى بېقىشتىن قورقۇپ ئۆيلەنمىگەن، تاماق ئەتسە ئو- تۇن، ئاشلىق كېتىشتىن قورقۇپ ئوچاق سالمىغانىكەن. ئۇ قورسىقى ئاچسا كىمنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقسا، شۇ ئۆيگە بارىدىكەن، شۇڭا تۈزۈك بىر نەرسە يېمىگەنلىكتىن پۈتۈن بە- دىنى ئىششىپ، شامال كېسىلى بولۇپ قاپتۇ، تېۋىپقا كۆر- سەتسە، تېۋىپ، مال ئۆلتۈرۈپ تېرىسىگە كىرىشنى، گۆشىنى يېيىشنى بۇيرۇپتۇ. باي قوشنىسىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— ۋاي قوشنام، — دەپتۇ ئۇ، — تېۋىپ مېنى، بىرەر مال ئۆلتۈرۈپ تېرىسىگە كىرىڭ، گۆشىنى يەڭ، ئاندىن سا- قىيىسىز، دەۋاتىدۇ. قوي ئۆلتۈرۈپ تېرىسىگە كىرەي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ بىر مالنىڭ جېنىغا زامىن بولسام، قانداق بولار دەۋاتىمەن. ماڭا بىر مەسلىھەت بەرسىلە، قانداق قىلسام بولار؟

قوشنىسى ئۇنىڭ بىر قويىنىڭ مەرىدىن كېچەلمەيۋاتقانلى- قىنى بىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ ئۆيدە بۇلتۇر قۇربان ھېيتتا ئۆلتۈرگەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوينىڭ تېرىسى تۇراتتى، سىلىنى شۇ تېرىگە ئېلىپ قويسام، قانداق ؟

بۇ مەسلىھەت بايغا بەكمۇ يېقىپتۇ ۋە قوشنىسىدىن تېزرەك شۇنداق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

قوشنىسى تېرىنى سۇ پۈركۈپ يۇمشىتىپ، بېخىل باينى يۆگەپتۇ. تېرىدە قوي پېتى بار ئىكەن، باينى راسا چىقىشقا باشلاپتۇ. قوشنىسى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، باينىڭ ئۆيىدىكى ئۆچكە چۈپۈرىدا ئىس سېلىپ، باينى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ.

— ياق، ئۇنىڭدا ئارغامچا ئېشىمەن، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ باي كۆزىنى چەكچەيتىپ، — ئۇنى ھەرگىز كۆيدۈرۈۋەتمىسىلە !

— توغرا، توغرا، — دەپتۇ قوشنىسى ئويلىنىپ تۇرماستىنلا، — چۈپۈرنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىدىن سىلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىرى ئەۋزەل ئوخشىمامدۇ؟

— ئەمدى... ئەمدى ... — باي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قاپتۇ.

«بېخىل جېنىدىن كېچەر، مېلىدىن كەچمەس» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆگە بىلەن ئۆچكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۆچكە بىلەن بىر تۆگە دوست بوپتۇ. ئۇلار بىللە ئوتلاپ، بىللە سۇلاپ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

— مەن بەكمۇ مۇلايىم، ئاداش، — دەپ گەپ باشلاپتۇ تۆگە، — بويۇمنىڭمۇ بوي دېگۈچىلىكى بار، ئەقلىممۇ جايىدا، ماڭا كىمنىڭمۇ زوقى كەلمىسۇن؟

— سەكرەشتە ماڭا يېتىدىغىنى يوق، ئۇپرىمايدىغان ئاچا تۇيىقىم بار. مېنىڭچە، بويىنىڭ ئېگىز بولغىنىدىن پاكار بولغىنى ياخشى، — دەپتۇ ئۆچكىمۇ ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ.

— ياق، ئاداش، — دەپتۇ تۆگە، — پاكارنىڭ نېمىسى ياخشى؟ ئېگىز بولغانغا يەتمەيدۇ!

ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئوتلاش ئۈچۈن مېڭىشىپتۇ. بىر يەرگە كېلىپ قارىسا ناھايىتى چىرايلىق باغ تۇرغۇدەك، باغنىڭ ئىچىدە ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ كېتىپتۇ. بىراق، تام بەك ئېگىز بولغاچقا، ھەر ئىككىسى باغقا كىرەلمەپتۇ. تۆگە ئۇزۇن بويىنى سوزۇپ تامدىن چىقىپ تۇرغان شاخلارنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۆچكە ھەرقانچە سەكرەپ باقسىمۇ بويى يەتمەي، ھېچ نەرسە يېيەلمەپتۇ. تۆگە ئۆچكىگە قاراپمۇ قويماي يەۋېرىپتۇ. ئۆچكە بويىنى قىسىپ، ئاغزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تامشىپ بىر چەتتە تۇرۇپتۇ. تۆگە دوستىنىڭ تېخىمۇ ئوغد-سىنى قايىنتىپ:

— قانداق، ئۆچكە ئاداش، بوينىڭ ئېگىز بولغىنىنى ياخشىمىكەن؟ — دەپ كۆرەڭلەپتۇ. ئۆچكە گەپ - سۆز قىلماپ-تۇ، بىراق ئۇياق - بۇياققا قاراپ يۈرۈپ بىر سۆڭگۈچنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. تۆگە سۆڭ-گۈچنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرەلمەپتۇ. ئۆچكە ھەر خىل مېۋە-لەرنى تويغۇچە يەپتۇ، بىردەمدىن كېيىن سەكرەپ باراڭغا چى-قىپ ئۈزۈم يەپ ئولتۇرۇپ، سىرتتا ئاغزىنى تامشىپ قاراپ تۇرغان تۆگىگە مۇنداق دەپتۇ:

— قانداق، دوستۇم تۆگىۋاي، دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ بوينىڭ پاكار بولغىنى ياخشىمىكەن؟

بۇلارنىڭ ماختىنىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر ئات كېلىپ:

— ھەر ئىككىڭلار ئورۇنسىز ماختىنىۋاتىسىلەر. ھەممە نەرسىنىڭ بويى ئوخشاش بولمايدۇ، ئېگىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى-مۇ، كەمچىلىكىمۇ بولىدۇ، پاكارنىڭمۇ شۇنداق. ئۆزۈڭلارنىڭ يېتىشسىزلىك تەرىپىڭلارنى كۆرمەي، ئارتۇقچىلىق تەرىپىڭلار-نى سۆزلەپ ماختىنىۋېرىشتىن ئىزا تارتمامسىلەر؟ — دەپتۇ. ئاتنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سۆزى ئۇلارنى بەكمۇ خىجىل قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆلكە بىلەن ئېشەك

بىر تۆلكە يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقالماپتۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغاندا، بىر ئېشەك سۇ ئىزدەپ يۈرۈپ ھېلىقى ئازگالنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئازگالدىكى تۆلكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— ھەي تۆلكىۋاي، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي نېمىسىنى سورايسەن، — دەپتۇ تۆلكە، — بۇ كەڭ دالىدا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم. بۇ يەر بەك سالقىن ئىكەن ھەم سۈپسۈزۈك سۇ بار ئىكەن، راھەتلىنىپ دەم ئېلىۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك، مەنمۇ سۇ ئىچىپ سالقىنداپ راھەتلىنەيچۇ، دەپ ئويلاپ ئازگالغا چۈشۈپتۇ. ئاران تۇرغان تۆلكە شۇ ھامان بىر سەكرەپ ئېشەكنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ-دە، يەنە بىر سەكرەپ ئازگالدىن كەڭ دالىغا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ. ئېشەك ئازگالنىڭ ئىچىدىن چىقالماي قاپتۇ.

«يالغانچىغا ئىشەنسەڭ، بېشىڭغا بالا تاپىسەن» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق بورسۇق

كۆنلەرنىڭ بىرىدە قورسىقى ئېچىپ ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قالغان بىر بۆرە جاڭگالدا تەمسىقلاپ كېلىۋاتسا، ئۇشتۇمتۇت سېمىز بىر بورسۇق ئۇچراپ قاپتۇ. ھەر نېمە بولسا ئوزۇق تېپىلدى دەپ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قولىقىغا يەتكەن بۆرە:

— بۇرادەر بورسۇق، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىپ باردىسەن؟ — دەپ ھىجىيىپ سوراپتۇ.

بۆرىنىڭ شۇم نىيىتىنى سەزگەن بورسۇق دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپتۇ ـ دە:

— ۋاي، بۆرە ئاكا، سىزنى ئىزدەپ چىقمىغان دۆڭ، چۈشمىگەن ئوي قالمىدى. تەلىيىمگە بۇ يەردە ئۇچراپ قالدىڭىز، سىزنى مېھمانغا چاقىرىپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ.

— ۋاي يالغانچى هارامزادە ! — دەپتۇ بۆرە بىردىنلا پەيلىنى بۇزۇپ، — ئۇستىلىقىڭنى قارا، مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن تېخى ! سېنىڭ قىلتىقىڭغا چۈشىدىغان ئەخمەق بۆرە مەن ئەمەس ! سېنى مەززە قىلىپ شۇنداق يەيمەنكى، كۆرۈپ تۇر !

بۆرە ئېتىلىپ كېلىپ بورسۇقنى باسماقداپتۇ. بورسۇق قىلچە ھودۇقماي:

— ھەي ئەخمەق، سەن بىزنى قانداق يېيىشنى بىلمەيدى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەنسەن، نوچى بولساڭ، داداڭغا ئوخشاش يېمەمسەن؟ — دەپ-تۇ. بۆرە بۇ يېڭى گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىدىن:

— دادام بورسۇقلارنى قانداق يەيدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خالىساڭ، سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلا، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بورسۇق، — داداڭ بىزنى ھەرگىزمۇ ساڭا ئوخشاش مۇنداق ئەخمەقلەرچە يېمەيدۇ. داداڭ بىزنى تۇتۇۋالغاندىن كې-يىن دومبىسىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۈچ قېتىم يولنىڭ ئۇ چې-تىگە، ئۈچ قېتىم يولنىڭ بۇ چېتىگە تاشلاپ ئاندىن يەيدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

بۆرە بۇ يەردە بىر سىرنىڭ بارلىقىنى پەملەپ، دادىسىنى دوراپ باقماقچى بوپتۇ ۋە بورسۇقنى تاپىنى ئاستىدىن ئې-لىپ، يولنىڭ ئۇ چېتىگە تاشلاپتۇ. بورسۇق دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپتۇ - دە، يېقىنلا يەردىكى ئۆۋىسىغا كىرىپ كې-تىپتۇ. بۆرە غەزەپلىنىپ:

— مېنى ئالداپسەن - دە ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەقىللىق بورسۇق ئۆۋىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بۆرىنى مەسخىرە قىلىپ:

— مېنىڭ ئەقىللىق دادام سېنىڭ داداڭنى ھەر دائىم مۇشۇنداق ئالداپ قۇتۇلاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن شىر

شىر قېرىپ كېتىپ، ئىلگىرىكىدەك ئوۋغا چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ساختىپەزلىك قىلىپ قورساق بېقىش كويىغا چۈشۈپتۇ، ئۆزى ئۆڭكۈردە يېتىۋېلىپ:

«ئاغرىپ قالدىم، ماڭغۇدەك ماغدۇرۇم يوق، دوستلىرىم پات - پات كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇرسۇن» دەپ، ھەممە ھايۋانلارغا خەۋەر تارقىتىپتۇ. ھايۋانلار شىرنىڭ ھالىنى سوراش ئۈچۈن بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ يوقلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ. شىر كەلگەننىڭ بىرىنىمۇ تىرىك ياندۇرماي، تۇتۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە يوقلاپ كەپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرمەي سىرتتا تۇرۇپ:

— شىر ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ نەچچە كۈندىن بۇيان سىزنى يوقلاپ كەلگەنلەردىن ئەھۋالىڭىزنى سوراي دېسەم، ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيدۇ، بۈگۈن ئۆزۈم كەلدىم، تاۋىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھالىم ئۇسالراق تۇرىدۇ، — دەپتۇ شىر يالغاندىن ئىڭراپ قويۇپ، — نېمىشقا ئۆڭكۈرگە كىرمەي تالادا تۇرىسەن؟ شۇنچە يىراقتىن ئالاھىدە مېنى يوقلاپ كەپسەن، ئۆڭكۈرگە كىرگىن، بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ ئۆڭكۈرىڭىزگە كىرىشنى ئويلىغانىدىم، — دەپتۇ تۈلكە سەگەكلىك بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — بىراق، ئۆڭكۈرىڭىزگە كىرگەن ئىزلار تۇرىدۇ، چىققان ئىزلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئىزلارغا قاراپ نېمە قىلىسەن، قورقماي كىرىۋەرگىن، — دەپتۇ شىر لولىلىق بىلەن، — سەن بولساڭ مېھمان، تالادا تۇرساڭ، سەت تۇرىدۇ، قورسىقىڭمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، بىر نەرسە يەپ كەتكىن، ئۆڭكۈرگە كىر!

— رەھمەت، شىر ئاكا، ئەھۋالىڭىزنى ئۇققاندىن كېيىن بولار، سىز مېنىڭ قورسىقىمنى ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭكىنى ئويلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ خوش، مەن قايتاي! — دەپتۇ تۈلكە ۋە دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەمەخور مۈشۈك

بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇننىڭ بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. بۇ خوتۇن كەمبەغەل بولغانلىقتىن مۈشۈكنى ھەر خىل تائاملار بىلەن باقالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئاچ قويماي، كۈندە بىرنەچچە قېتىم نان چايناپ بېرىدىكەن. لېكىن، بۇ مۈشۈك ناھايىتى تەمەخور بولۇپ، ئۆز ئىگىسىنىڭ بەرگىنىگە زادىلا قانائەت قىلمايدىكەن، بىرەر نەرسە بېرەرمىكىن، دېگەن تەمە بىلەن كەچكىچە تالاغا چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ قولىغا قاراپ ياتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بويىنىدا مەرۋايىت، مارجانلار بار، تۈكلىرى يالتىراپ كەتكەن سېمىز بىر مۈشۈك كېپتۇ - دە:

— بۇ يەردە يېتىپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەئە، ئاپتاپسىنىپ ياتتىم، — دەپتۇ تەمەخور مۈشۈك.

— سەن كىمنىڭ مۈشۈكى؟

— مۈشۈ ئۆيدىكى تۇل خوتۇننىڭ مۈشۈكىمەن، — دەپتۇ ئۇ سېمىز مۈشۈككە تەلمۈرۈپ ۋە سوراپتۇ، — سىزمۇ مۈشۈك، مەنمۇ مۈشۈك، لېكىن سىز بەك سېمىز، چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن بەك ئورۇق. ئۆزىڭىز كىمنىڭ مۈشۈكى بولىسىز؟

— مەن پادىشاھنىڭ مۈشۈكى.

— شۇڭا، سېمىز، چىرايلىق ئىكەنسىز، — دەپ ئالاھىدە سالام بېرىپ، ئۆز دەردىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ ئۇ، — ما-

ئىمۇ ئانچە ـ مۇنچە غەمخورلۇق قىلىپ قويسىڭىز، قانداق؟ مەن بىتەلەي كۈنگە بىرنەچچە چاينام نان يەيمەن، يېرىم ئاچ، يېرىم توق، قورسىقىم تويۇپ باققىنىنى بىلمەيمەن.

ــــ بولىدۇ، مېنىڭ يېنىمغا بارغىن. گۆش ـ پۆش دېگەن ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. باشقا مۈشۈكلەرمۇ مەندىن ئاشقان ـ تاشقاننى يەپ تويۇپ چىقىپ كېتىدۇ، ــــ دەپتۇ پادىشاھنىڭ مۈشۈكى.

تەمەخور مۈشۈك خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، چوقۇم بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، كېچىچە ھەر خىل تائاملارنى ئويلاپ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئۇ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئوردىغا كىرىپ ئۇياق ـ بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، بىراق پادىشاھنىڭ مۈشۈكىنى تاپالماپتۇ، ئاخىر پادىشاھ تۇرىدىغان ئۆيگە كىرسە، پادىشاھ ئۇخلاۋېتىپتۇ.

ئۇ پادىشاھنىڭ كارىۋىتى يېنىدىكى بىر قەپەسنىڭ ئىچىدە تۇرغان شاتۇتنى كۆرۈپتۇ ـ دە، قورۇق كەتمەي، شاتۇتنى بولسىمۇ يەپ كېتەي، دەپ ئويلاپ، قەپەسكە ئېتىلىپتۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن شاتۇتى چىرقىراپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئويغىنىپ قارىسا، بىر ئوغرى مۈشۈك شاتۇتنى يېمەكچى بولۇۋاتقانىكەن، ئۇ دەرھال ئوقيانى ئېلىپ مۈشۈكنى ئېتىپتۇ. مۈشۈك يېرىم جان ھالدا ئوقيانى سۆرەپ ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەپتۇ.

ــــ نېمە بولدۇڭ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ تۈلكە خوتۇن. گۇناھكار مۈشۈك لام ـ جىم دېيەلمەپتۇ.

ئەھۋالنى چۈشەنگەن تۈلكە خوتۇن ئېچىنغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

ــــ بىلىپ قوي، «تەمەنىڭ كەينى كامار» بولىدۇ. يا چاشقان تۇتۇپ يېمەي، يا مەن بەرگەنگە شۈكۈر قىلماي، بالاخور نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، جاجاڭنى يەپسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماختانچاق پاقا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كۆلدە ئىككى غاز ۋە بىر پاقا بىللە ياشايدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ كۆل قۇرۇشقا باشلاپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غازلار سۇ بار يەرگە كۆچمەكچى بولۇشۇپتۇ، بىراق پاقىنى بىللە ئەكېتەيلى دېسە، پاقا ئۇچالمايدىكەن، تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. ئۇلارنىڭ بېشى قېتىپ، ئامال ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، ئويان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىر پاقا مۇنداق دەپتۇ:

— غاز ئاكىلار، بۇنىڭغا بىر ئامال بار: بىر تال چىۋىقنىڭ ئۇچىنى ئىككىڭلار چىشلەڭلار، مەن ئوتتۇرىنى چىشلەي، مۇشۇنداق ئۇچۇپ مېنى ئېلىپ مېڭىڭلار، قانداق؟

— بۇ ئوبدان چارە ئىكەن، — دەپتۇ غازلار، — بىراق سۇ بار يەرگە بېرىش ئۇچۇن خېلى ئۇزۇن يول بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. سەن ئۇزۇنغىچە ئاغزىڭنى ئاچماي، چىۋىقنى مەھكەم چىشلەپ چىدىيالارسەنمۇ؟

— چىدايمەن، — دەپتۇ پاقا ئىشەنچ بىلەن.

— ئۇنداق بولسا سېنى ئېلىپ ماڭايلى، لېكىن زادىلا گەپ

قىلما، بولمىسا خەتەرلىك ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ غازلار.

ئۇلار يولغا چىقىپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر مەھەللىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە بىرمۇنچە كىشىلەر ئاسمانغا قارىشىپ:

— ئەجەب پەمى بار غازلار ئىكەن - ھە؟ پاقىنى ناھايىتى ئەپچىل ئېلىپ مېڭىپتۇ! — دېيىشىپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاقا ئىچىدە، بۇ چارىنى غازلار ئەمەس، مەن تاپقان، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار يەنە بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىرمۇنچە كىشىلەر يەنە:

— قاراڭلار، قاراڭلار، غازلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى! پاقىنى بىر ئويدانلا ئەكېتىۋاتقىنىنى! — دېيىشىپتۇ.

پاقا: «غازلار ئەقىللىق ئەمەس، مەن ئەقىللىق، بۇ چارىنى مەن تاپقان» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى قىل قاپتۇ، دەرھال ئېسىنى يىغىۋېلىپ ئاغزىنى ئاچماپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ چىرايلىق بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ يەردە تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر تۇرغانىكەن، ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ:

— قاراڭلار، پاقىنى بىللە ئېلىپ ئۇچالايدىغان قالتىس تەدبىرلىك غازلار ئىكەن! نېمىدېگەن ئەقىللىق غازلار بۇ! شۇنچە ئويدان ئامالنى تاپقىنىنى قاراڭلار! — دېيىشىپ ماختاپ كېتىپتۇ.

بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ پاقا ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماپتۇ - دە، بۇ ئامالنى ئۆزىنىڭ تاپقانلىقىنى جاكارلىماقچى بولۇپ:

— مەن... — دېيىشىگىلا، چۈشۈپ ئاغزى چىقىپ كېتىپ يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توگە بىلەن ئېشەك

بىر ئېشەك بىلەن توگە ھېرىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغاندىن كېيىن، كارۋان، مەن سەپەردىن يانغۇچە ئوتلاپ يۈ-رۈپ سەمرىپ قالار، قايتاردا ئەكېتەرمەن، دېگەن ئوي بىلەن تاغ باغرىدىكى بىر يايلاققا تاشلاپ كېتىپتۇ. ئېشەك بىلەن توگە يېرىم كۈنگىچە ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپتۇ، ئەمما ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقى، تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگۈچى شىپالىق دورا بوپتۇ. ئۇلار ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يېڭى چىققان ئوتلارنىڭ ئۇچىدىن يەپ، سۈزۈك سۇ ئىچىپ خېلى ماغدۇرىغا كېلىپ قاپتۇ، بۇ كەڭرى يايلاقتا يايلاپ يۈرۈپ ئۇزۇنغا بارمايلا سەمرىپ كېتىپ-تۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوزۇق ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىر تۈلكە ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، بىراق يالغۇز ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، دەر-ھال بۆرىگە خەۋەر قىلماقچى بولۇپ مېڭىپتۇ.

— ئۇلارغا نېمە گۇناھ قويساق بولار؟ گەپ ـ سۆز يوقلا يېيىش قىيىن، — دەپتۇ بۆرە تۈلكىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلى-غاندىن كېيىن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ تۈلكە، — بۇ يايلاق مېنىڭ-

كى، بۇ يەردە يايلاشقا سىلەرگە كىم ئىجازەت بەردى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى يەيمەن، دېگىن. مەن ساڭا گۇۋاھچى بولىمەن، قانداق؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ بۆرە ۋە تۈلكىنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

ئېشەك بىلەن تۆگە يىراقتىنلا بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ماغدۇرغىمۇ كېلىپ قالدۇق، كۆچىمىزمۇ بار، ئۆلسەكمۇ ئېلىشىپ ئۆلەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىۋاپتۇ.

— ھەي دارازا، سالپاڭ قۇلاق! — دەپ ۋارقىراپتۇ بۆرە كېلىپلا، — ئىككىڭ كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ يەردە ئوتلاپ يۈرۈشىسەن؟!

— نېمە كارىڭ بار؟ — دەپتۇ تۆگىمۇ بوش كەلمەي.

— ھەي ئۇزۇن ئەخمەق، نېمىشقا كارىم بولمايتتى! بىلەمسەن، بۇ يايلاق مېنىڭ؟ — دەپتۇ بۆرە.

— قايسى يايلاق سېنىڭ؟ — دەپتۇ تۆگە.

— سەن ئوتلاۋاتقان مۇشۇ يايلاق!

— راست، بۇ يايلاق بۆرە غوجامنىڭ، بۇنىڭغا مەن گۇۋاھ، — دەپتۇ تۈلكە ئالدىراپ.

— ئۇنداق بولسا، بىز بۇ يەرنىڭ ئوتىنى يېمىدۇق! — دەپتۇ تۆگە.

شۇ ئەسنادا تۈلكە كېلىپ بۆرىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. بۆرە بۇلارغا يېقىنلىشىپ:

— بۇ يەرنىڭ ئوتىنى يېگەن - يېمىگەنلىكىڭنى ئاسانلا بىلىمەن! — دەپتۇ.

— قانداق بىلىسەن؟ — دەپتۇ تۆگە.

— تىلىڭنى چىقار، پۇراپ باقىمەن!

تۆگە بىلەن ئېشەك، بۇلارنىڭ كۈچى يەتمەي، ئالدى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىلىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئوت يېمەيدىغان قىلىپ قويماقچى، ئۇ-نىڭدىن كېيىن ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولۇۋاتقان ھىيلىسىنى پەملەپتۇ. تۆگە ئېشەككە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— ماقۇل، پۇراپ باق، — دەپتۇ تىلىنى چىقىرىپ.

بۆرە تۆگىگە يېقىن كېلىشىگە تۆگە كۆكرىكى بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، بۆرە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، تىك موللاق چۈ-شۈپتۇ. ئاڭغىچە ئېشەك كېلىپ بۆرىنىڭ بىقىنلىرىغا بىر-نەچچىنى تېپىپتۇ. بۆرە بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە ئالاقزادە بولۇپ بەدەر قېچىپتۇ. ئېشەك تۈلكىنىڭ كەينىدىن ھاڭراپ مۇنداق دەپتۇ:

«يەر ئىگىسى»نى كۆرۈڭ ئۆلۈپ ياتقىنىنى،
«گۇۋاھچىسى»نى كۆرۈڭ قورقۇپ قاچقىنىنى.
بۇ كۆرگىنىڭدىن ساۋاق ئالمىساڭ،
باشلاپ كەل بۆرىنىڭ يەنە باشقىسىنى !



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پادىشاھ بىلەن شاھزادە

ئۆتكەن زاماندا بىر ئەخمەق پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، پادىشاھ بۇ ئوغلىنى تولىمۇ ئەركە ئۆستۈرگەنىكەن. پادىشاھ نەگە بارسا ئۆز ئوغلىنى ئورۇنسىز ماختاپ - ئۇچۇرۇپلا يۈرىدىكەن. دادىسى شۇنداق ئۆگەتكەچكە، بۇ شاھزادە ھېچقانداق بىلىم ئۆگەنمەي، تازىمۇ ئەخمەق ۋە ئاتىكارچى بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئوغلىنى باشلاپ، ۋەزىرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ساياھەتكە چىقىپتۇ. ئۇلار بىر دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە، ئۇلار ئارىسىدا سۇ ئۈزۈش ماھىرلىقى ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ يەنە ئۆز ئوغلىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— بىزنىڭ ئوغۇل سۇ ئۈزۈشكە شۇنداق ئۇستىكى، سۇغا بىر باش چۆكۈرسە، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە چىقىدۇ، ئېخى يەنە سۇ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلىيالايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەرمۇ خۇشامەتچىلىك بىلەن شاھزادىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا كىرىشىپتۇ. بۇ ماختاشلاردىن مەست بولۇپ كەتكەن شاھزادە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، باشقىلارغا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ «پولتۇك» قىلىپ دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دېگەندەك

شاھزادە خېلى ئۈزۈنغىچە سۇ ئۈستىدە كۆرۈنمەپتۇ.

بىردىنلا پادىشاھنىڭ چىرايى تاتىرىشقا باشلاپتۇ. ۋەزىرلەر بولسا شاھزادىنى تېخىمۇ ماختىغىلى تۇرۇپتۇ:

— نېمىدېگەن ئۇستا – ھە ! سۇغا چۆكۈپ كىرىپ كېتىپ تېخىچىلا چىقمىدى !

— دۇنيادا بۇنداق ماھىر سۇ ئۈزگۈچىنى زادىلا كۆرمىگەنىكەنمىز !

بىر ھازادىن كېيىن شاھزادە سۇ ئۈستىدە پەيدا بوپتۇ ۋە ئۆڭدىسىغا جىمجىت يېتىپتۇ.

— مانا، مانا، بۇ چېۋەرلىكىنى قاراڭلار ! — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر، — سۇ ئۈستىدە پۇت – قوللىرىنى مىدىر قىلماي مۇشۇنداق ھۇزۇرلىنىپ ياتماق ئاسانمۇ !

ئالاقزادە بولغانلىقىنى بىلىندۇرمەي، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرغان پادىشاھ ئاخىر چىديالماي:

— ھەي خالايىق، ئوغلۇمنى تېز قۇتۇلدۇرۇڭلار، ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈشتە تېخى كەمچىل تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. تېز قۇتۇلدۇرۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

ۋەزىرلەر شاھزادىنى سۇدىن سۆرەپ چىقىپ قارىسا، ئۇ ئاللىقاچان ئاخىرەتكە كېتىپ بولغانىكەن.

www.uyghurkitap.com

# كەپتەر بىلەن چۈمۈلە

بىر كۈنى بىر كەپتەر ئۆۋچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۆۋچى خۇشال بولۇپ، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بىر چۈمۈلە دەرھال كېلىپ ئۆۋچىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى جېنىنىڭ بارىچە ئاچچىق چېقىپتۇ. ئۆۋچى چىدىيالماي دەرھال تورنى تاشلىۋېتىپتۇ. پەيتنى غەنىيمەت بىلگەن كەپتەر دەرھال توردىن قېچىپ چىقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چۈمۈلە سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېرىقنىڭ لېۋىگە بارغانىكەن، سۇنىڭ دولقۇنى ئۇنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. دەرەخ ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ھېلىقى كەپتەر قايسى كۈنى ياخشىلىق قىلغان چۈمۈلىنىڭ ئېقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، شۇ ھامان بىر تال يوپۇرماقنى چىشلەپ كېلىپ چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. چۈمۈلە يوپۇرماقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بىردەم ئاققاندىن كېيىن، يوپۇرماق شاخ ـ شۇمبا بار يەرگە كېلىپ توختاپ قاپتۇ. چۈمۈلە دەرھال ئۆمىلەپ قىرغاققا چىقىۋاپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ، كەپتەرگە بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇۋىدىم، ماڭىمۇ ياندۇردى، دېمەك، كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ ئۆزۈڭمۇ ياخشىلىق كۆرىدىكەنسەن، دەپ ئويلاپ، ئۆز ئۇۋۇسىغا قاراپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

# قاغا بىلەن تۈلكە



كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قاغا بىر پارچە گۆشنى ئوغرىلاپ كېلىپ دەرەخكە قونۇپتۇ ـ دە، ئەمدىلا يەي دەپ تۇرۇشىغا، ئېچىرقاپ كەتكەن بىر تۈلكە كېلىپ قاغىدىن بۇ گۆشنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھىيلىگەر تۈلكە بىردىنلا قاغىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

ــ ھەي، قاغا دوستۇم، سەن نېمىدېگەن چىرايلىق قارىغىنا، پەيلىرىڭ تۇم قارا، يەنە تېخى تېگى ـ تېگىدىن يالتىراپ تۇرىدۇ. غازنىڭ ماۋۇقلىرى دېگەن نېمە ئۇ! سېنىڭ پەيلىرىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق. كۆزلىرىڭچۇ! ھېچكىمدە سېنىڭكىدەك ئۆتكۈر، كېلىشكەن كۆز يوق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىرناقلىرىڭ بۈركۈتنىڭكىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. ئۇچار قۇشلار ئىچىدە گۈزەل دېسە، مانا سېنى دېسە بولىدۇ!

قاغا تۈلكىنىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېرىسىگە پاتماي كېتىپتۇ، تۈلكە تېخى مېنىڭ سايرىغىنىمنى ئاڭلاپ باقسا، قانچە ماختاپ كېتەر ئەدى؟ توختا، مەن ئۇنىڭغا بىر سايراپ بېرەيچۇ! دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، «قاق» قىلىشىغىلا ئاغزىدىكى گۆش «پوككىدە» يەرگە چۈشۈپتۇ. تۈلكە دەرھال گۆشنى ئېلىپ بىرلا يالماپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن:

— دۇنيادا سېنىڭدەك سەت، سېنىڭدەك شۇم نەرسە يوق، يالغاندىن ماختاپ قويسام، ئۆزۈڭچە مەست بولۇپ كەتتىڭ، — دەپ قويۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاچ كۆز ئىت

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئاچ كۆز ئىت كوچىدىن يوغان بىر پارچە ئۇستىخاننى تېپىۋاپتۇ ــ دە، باشقا ئىتلارنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يىراققا ئېلىپ بېرىپ ئارامخۇدا يەپ ئەكچى بولۇپ قېچىپتۇ. شۇ قاچقانچە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر دەريانىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە يېيىشكىمۇ كۆزى قىيماي، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. دەريادا سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقانىكەن. ئۇ دەريا بويلاپ كېتىۋېتىپ، سۇ ئىچىدە ئۆزىگە ئوخشاشلا بىر ئىتنىڭ ئۇستىخان چىشلەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ۋاھ، بۇ ئىپلاسنىڭ ئەكېتىۋاتقان ئۇستىخىنى مېنىڭكىدىن يوغان تۇرىدىغۇ ! ئۇنى تارتىۋالايچۇ ! دەپ ئويلاپتۇ ــ دە، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ قاتتىق ھاۋشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئۇستىخان سۇغا چۈشۈپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. ھەممىدىن قۇرۇق قالغان ئاچ كۆز ئىت ھەسرەتلىنىپ: «ئاز بولسىمۇ بارىغا شۈكۈر قىلسام بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلىپ قايتىپ كېتىپتۇ.



# قۇشقاچنىڭ قويغا شىكار قىلىشى

بىر بۈركۈت ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، قوي پادىسىغا شىكار قىپتۇ ـ دە، بىر قوينى ئەكېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قۇشقاچنىڭ ھەسەتخورلۇقى كېلىپ ئۆزىچە سۆزلەپ كېتىپتۇ:

«ۋۇي، بۈركۈت جېنىدا قويغا شىكار قىلىپ يۈرىدۇيۇ، مەن تېزەك چوقۇلاپ ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرەمدىمەن! قانات دېسە مەندىمۇ قانات بار، تۇمشۇقۇممۇ نەيزىدەك ئۆتكۈر، ھەممە ئەزايىم ساققۇ! بۈركۈتتىن قالغان جانىنى ئىتقا سېلىپ بېرىمەن. مەندە قوينى ئەمەس، تۆگىنىمۇ شىكار قىلالىغۇدەك قۇدرەت بار!»

قوي پادىسىنى كۆزىتىپ قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ياد- پاشلاپ ياتقان پادىچى ئۇشتۇمتۇت بىر قۇشقاچنىڭ ئاسماندىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، يۇڭلۇق بىر قويغا شىكار قىلغاد- لىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بىچارە قۇشقاچ پاخماق يۇڭغا ئىلىنىپ قالغان پۇتلىرىنى ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ چىقىرالماپتۇ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ يۇلقۇنۇپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ، ئاخىر قاناد- لىرىنى پالاقلىتىۋېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ ـ دە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يېتىپ قاپتۇ.

پادىچىنىڭ قۇشقاچقا ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ:

— جىنىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭچۇ، جانىۋار، — دەپ ئۇنى يۇڭدىن ئاجرىتىۋېلىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەخمەق ئوۋچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر قارچىغىسى بولۇپ، بۇ قارچىغا ئوۋچىغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوۋلاپ بەرگەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئوۋچىغا قارچىغىدنىڭ قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە سەت كۆرۈنۈپتۇ ـ دە:

«بۇنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقىنى كېسىپ، كالتىراق قىلىپ قويسام چىرايلىق بولامدۇ، ئۇنىڭغا مۇنچە ئۇزۇن قۇيرۇقنىڭ نېمە كېرىكى بار؟» دەپ قايچىسىنى ئېلىپ، قارچىغىسىنىڭ قۇيرۇقىنى «شارتىندە» كېسىپ تاشلاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئوۋچىغا ئۇنىڭ قانىتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن، كېلەڭسىز كۆرۈنۈپتۇ ـ دە، قانىتىنىڭ يېرىمىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قارىسا، قارچىغىنىڭ تۇمشۇقىمۇ ئىلمەك ۋە سەت كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇمشۇقىنىمۇ ياساپ قويماقچى بولۇپ، يېرىمىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. «مانا ئەمدى چاققان بولدۇڭ !» دەپتۇ ئوۋچى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قارچىغىنى ئاچقىپ بىر تۈلكىگە سالغانىكەن، ئۇ ئۇچالماي «پوككىدە» يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئوۋچىنىڭ ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— قارچىغاڭ نېمە بولدى، ئۇچالماي چۈشۈپ كەتتىغۇ؟

— ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى كېسىپ تاشلىغانىد-

ـدىم، — دەپتۇ ئۈۋچى.

ئاغىنىسى قارچىغىنىڭ قانات - قۇيرۇقى ۋە تۇمشۇقلىـرىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بىر ئوبدانلا قارچىغىنى ناكار قىپسەنغۇ؟ — دەپتۇ.

— تېخىمۇ چىرايلىق بولسۇن دېگەنىدىم...

— ئەخمەق ! — دەپتۇ ئاغىنىسى، — ھەرقانداق ئىشـنىڭ چېكى بولىدۇ. دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىنى چىرايلىق قىلىمەن دەپ ياساۋەرسە، تۈزەيمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، بۇزۇلماي قالمايدۇ !



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىر بىلەن چاشقان

بىر كۈنى شىر ئۇخلاۋاتسا، بىر چاشقان كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋېلىپ سەكرەپتۇ. شىر ئويغىنىپ كېتىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە غەزەپلىنىپ يەرگە ئېتىپ، مېڭىسىنى چۇ-ۋۇۋەتمەكچى بوپتۇ. چاشقان يالۋۇرۇپ:

— شىر ئاكا، خاپا بولماڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمەن. بىر كۈنى سىزگىمۇ پايدام تېگىپ قالار، مېنى قويۇۋېتىڭ، — دەپتۇ.

— سېنىڭ قولۇڭدىن نىمە كېلەتتى؟ — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ شىر.

— ئۇنداق دېمەڭ، «كۆزگە ئىلمىغان پۈتقا چوماق» دېگەن گەپ بار. بەزىدە كۆزگە ئىلمىغان كىچىكلەرنىڭ قولىدىنمۇ چوڭ ئىشلار كېلىدۇ.

— يوقال كۆزۈمدىن ! — شىر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمى-گەن ھالدا قويۇۋېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ شىر ئوۋچىلارنىڭ قولىغا چۈ-شۈپ قاپتۇ. ئوۋچىلار شىرنى تورغا چۈشۈرۈپ يوغان بىر دە-رەخكە ماتاپ باغلاپتۇ - دە، يەنە بىر شىرنى تۇتقىلى كېتىپتۇ.

شىر، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ قورقۇپ دىر - دىر تىترەشكە باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاشقان پەيدا بولۇپ قاپتۇ ـ دە:

— شىر ئاكا، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە بولاتتىم، كۆرمەيۋاتامسەن؟ — دەپتۇ شىر جىلە بولۇپ.

— قورقماڭ، مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قوياي !

شىر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قاپتۇ.

چاشقان كېلىپ ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئارغامچىلارنى بىردەمدىلا قىرقىپ تاشلاپتۇ ـ دە، شىرنى ئازاد قىپتۇ. خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغان شىر:

— رەھمەت ساڭا، ئۆتكەندە سېنى بىكار زاڭلىق قىپتىمەن. كىچىكلەرنىڭ قولىدىنمۇ چوڭ ئىشلار كېلىدىكەن، ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە

كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىرنەچچە چۈمۈلە يازىچە يىغقان ئوزۇقلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر يىڭناغۇچ كېلىپ:

— دوستلىرىم، ياخشىمۇسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئوزۇقۇڭلار نېمىدېگەن جىق، ماڭا ئازراق بەرسەڭلارچۇ؟ — دەپتۇ.

چۈمۈلىلەر:

— خوش، ياز كۈنلىرى ئۆزۈڭ نەلەردە يۈردۈڭ؟ نېمىشقا قىشلىق ئوزۇق - تۈلۈكۈڭنى تەييارلىۋالمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىڭناغۇچ:

— زادى چولام تەگمىدى، يازىچە گۈللەرنىڭ ئارىسىدا ئويناپ يۈرۈۋېرىپتىمەن، — دەپتۇ.



— شۇنداقمۇ، ياخشى دوستۇم؟ ئۇنداق بولسا بىزدىن رەنجىمە، يازنى ئويناپ ئۆتكۈزگەن بولساڭ، قىشنىمۇ ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئۆتكۈز، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ چۈمۈلىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. بۇ باللار كىچىكىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قالغان بولۇپ، بوۋاي ئېغىرچىلىقلارنى ئۇلارغا بىلىندۇرمەي بېقىپ چوڭ قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلماقچى بوپتۇ.

— بالام، — دەپتۇ بوۋاي چوڭ ئوغلىغا سېۋەتنى كۆرسىتىپ، — چېلىكىمىز تېشىلىپ قاپتۇ، سېۋەتتە سۇ ئەكىرگىن.

چوڭ ئوغلى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېرىق بويىغا چىقىپتۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ سېۋەتتە سۇ توختىتالماي، بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپتۇ.

بوۋاي كىچىك ئوغلىنى بۇيرۇپتۇ. بۇ بالا بىر پالاس پارچىسىنى سېۋەتنىڭ ئاستىغا ساپتۇ-دە، ئېرىق بويىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئازراق سامان بىلەن كاكىل لاي ئېتىپتۇ ۋە سېۋەتنىڭ ئاراچىلىرىنى سۇۋاپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇغا سالغانىكەن، سېۋەتتە لىپمۇلىق سۇ توختاپتۇ. ئۇ سۇ تولغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ئىنتايىن قايىل بولۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— باللىرىم، مەن ئۆلەر ھالەتتە ياتىمەن. مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان بىرلا ۋەسىيىتىم بار: سىلەر ئەقىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇڭلار، سەۋەب قىلساڭلار، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ، — دەپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئىككى ئوغۇل دادىسىنىڭ بۇ ۋەسىيىتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئەقىل ئىشلىتىپ، ئوبدان كۈن كەچۈرۈپتۇ.

«سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قۇشنىڭ ئارزۇسى

ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئەقىللىق بىر قۇش بولغانىكەن. ئۇ يېقىملىق سايراپ، ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىكەن. بۇ قۇشنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر پادىشاھ نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇنى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە رەڭمۇرەڭ پۆپۈك، مونچاقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن قەپەسكە سولاپ ئوردىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ قۇشنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىكەن، ئۆز قولى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىكەن.

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ، لېكىن قۇش بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ سايرىماپتۇ. ئۇ دائىم غەمكىن ھالەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بىر كۈنى قول ئاستىدىكى ۋەزىر ـ ئۆلىمالىرىنى يىغىپ:

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قۇش بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا نېمە ئۈچۈن سايرىمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

ئۇلار قۇشتىن نېمە ئۈچۈن سايرىمايدىغانلىقىنى سورىغانىكەن:

— قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويساڭلار، دەرەخ ئۈستىگە قونۇپ سايراپ بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قو- يۇشنى بۇيرۇپتۇ، قۇش قەپەستىن چىقىپتۇ ـ دە، مەجنۇنتال- نىڭ زىلۋا شېخىغا قونۇپ:

ئالتۇن قونداق قەپەستىن
لىك ـ لىك قومۇشۇم ياخشى.
بۇندا ھەسەل يېگەندىن
ئەركىن تۇرمۇشۇم ياخشى.

دەپ بىر قېتىم سايراپلا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆن ۋە ھەسەن-ھۈسەن

بىر كۆنى يامغۇردىن كېيىن كۆن چىقىپتۇ. شۇ زامان ئاسماندا يەتتە خىل رەڭدە ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بوپتۇ. ھەسەن - ھۈسەنگە قارىغان ھەربىر كىشىنىڭ ھەۋىسى كېپتۇ. ھەسەن - ھۈسەن ئۆزىچە: «مەن كۆندىنمۇ چىرايلىق» دەپ ماختىنىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ كۆن:

— توغرا، سەن چىرايلىق. ئەمما، مېنىڭسىز سەن بولمايسەنغۇ! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەسەن - ھۈسەن مەسخىرىلىك كۈلۈپتۇ. كۆننىڭ غەزىپى كېپتۇ - دە، بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مۆكۈنۈۋاپتۇ. ھەسەن - ھۈسەن دەرھاللا ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن يولۋاس

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس ئوزۇقلۇق ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ چوڭ بىر ئورماننىڭ يېنىغا كەلگەندە، توساتتىن تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— هاي - هوي، — دەپ ھۆۋلاپتۇ يولۋاس، — شۇمە-تەك، بەك ئېچىرقاپ كەتكەنىدىم، سەن ماڭا راسا مەززىلىك غىزا بولىدىغان بولدۇڭ - دە !

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تۈلكە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، تازا غەزەپكە كەلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تىللاپتۇ:

— ھەي ھاماقەت، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ !

يولۋاس بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ.

— ھىم، — دەپتۇ تۈلكە غادىيىپ، — مەن ئورماندىكى ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى بولىمەن، كىمكى مېنى كۆرۈپ قالغۇ-دەك بولسا، يىراقتىنلا پۇكلىنىپ تەزىم قىلىدۇ ياكى دەرھال كۆزدىن يوقىلىدۇ.

يولۋاس شىددەت بىلەن تۈلكىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كې-لىپ:

— ھارامزادە شۇمتەك، مېنى ئالدىماقچىمۇسەن؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— سېنى ئالداۋاتىمەنمۇ؟ — تۈلكىنىڭ كۆزلىرىدىن

قۇۋلۇق ئۈچقۇنلىرى چاقناپ كېتىپتۇ، — يوْر، مەن بىلەن بىللە ئورمانغا بار، شۇندا مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىسەن !

— يوْر، يول باشلا ! — دەپتۇ يولۋاس.

تۈلكە شۇ هامان غادايغان هالدا ئورماننىڭ ئىچىگە قەدەم تاشلاپتۇ.

ئاق توشقانلار تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يولۋاس-نى كۆرۈپ جان - پېنى چىقىپ، قويۇق ئوت - چۆپلەر ئا-رىسىغا ئۈچقاندەك چېپىپ كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشۇپتۇ.

قىرغاۋۇللار يولۋاسنى كۆرۈپ «قاقاق»لىشىپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي، دەرەخ ئۈچىغا قاراپ ئۈچۈشۈپتۇ...

تۈلكە قەدىمىنى توختىتىپ، كۆزىنى قىسىپ، قۇيرۇقىنى پۇلاڭشىتىپ:

— هە، ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ — دەپتۇ.

— هە، هە ! — دەپتۇ يولۋاس ئىشىنىپ، — كەچۈرسە-لە، پادىشاهىئالەم !

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پىل بىلەن خوراز

كۆنلەردىن بىر كۈنى ناھايىتى يوغان بىر خوراز پىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەپ تارتماستىن ئۇيەر ـ بۇيەرنى چوقۇپ دان تېرىپ يەپتۇ ـ دە:

— قى ـ قى ـ قىق !... — دەپ قاتتىق قىچقىرىپ قويۇپتۇ.

— نېمانچە ھاكاۋۇر نېمىسەن، ھالىڭغا قارىماي نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ كىچىككىنە جېنىڭ بار ئىكەنۇ، ھەممە يەرنى ئالا قويماي چوقۇپ دانلاۋېرىدىكەنسەن ! تاماقنى سەن كۆپ يەمسەن، مەنمۇ؟ — دەپتۇ پىل غەزەپلىنىپ.

— سېنىڭ بويۇڭ چوڭ بولغان بىلەن مەنچىلىك تاماق يېيەلمەيسەن، — دەپتۇ خوراز دادىللىق بىلەن، — مەن سەندىن خېلىلا كۆپ تاماق يەيمەن !

ئۇلار: «قېنى كىم كۆپ غىزا يەيدىكىن؟» دەپ بەسلەشىپتۇ.

پىل ناھايىتى كۆپ تاماق يەپتۇ، كېيىن تويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئويغىنىپ قارىسا، خوراز يەنىلا دانلاپ يۈرگەنمىش. پىل يەنە تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ، تاماقنى بولۇشىچە يەپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بىر ۋاقىتتا يەنە ئويغىنىپ قارىسا، كەچ بولۇپ قاپتۇ، ئەمما خوراز تېخىچىلا دانلاپ يۈرگەنمىش، دان تېرىپ يەۋېتىپ پات ـ پات «قى ـ قى ـ قىق !...» دەپ

قىچقىرىپ قويغۇدەكمىش. «مۇنۇ پىندەك يەپ تويماس ئىكەن-غۇ ! — دەپتۇ پىل ھەيران بولۇپ، — بۇنداق تويماس جانىۋارنى زادىلا كۆرمىگەنىكەنمەن.»

شۇنداق قىلىپ، خوراز پىلنى يېڭىۋاپتۇ ۋە پىلنىڭ ئۈستىگە مىنىپ بىر تاماشا قىلايچۇ، دەپ ئويلاپ، پۇررىدە ئۇچۇپ، پىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ - دە:

— قى - قى - قىد ... قى - قىد ! ! ! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق قىچقىرىپتۇ. قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان پىل قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ:

— ۋايجان ! مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، مېنى يەپ قويىدىغان بولدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، قېچىپ ئورمانغا كىرىپ كېتىپتۇ.

خوراز بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، قاناتلىرىنى قېقىپ:

— قى - قى - قىق ! ... مەن چوڭمىكەنمەن، سەنمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توشقان بىلەن ئۆردەك

ئىككى ئويۇنچى ئۆردەك سۇدا ئۈزۈپ يۈرسە، بىر توشقان قىزغاققا كېلىپ:

— مېنى بىردەم ئويناتساڭلار، — دەپ يېلىنىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئۆردەكۋايلار، — كەل، ئۈستىمىزگە چىق!

ئىككى ئۆردەك بىر - بىرىگە ياندىشىپ، سۇدا يېقىن تۇرۇپتۇ، توشقانجان ئۆردەكلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزىنى خۇددى قولۋاقتا ئولتۇرغاندەك ھېس قىپتۇ.

توساتتىن، ئىككى ياقتا ئىككى پاقا كۆرۈنگەنىكەن، ئۆر- دەكلەر پاقىنى قوغلاپ، بىرى ئۇياققا، بىرى بۇ- ياققا مېڭىپتۇ. بىچارە ئەخمەق توشقان سۇغا غەرق بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# تۈلكىنىڭ ئەتىسى

تۈلكە ئاشخانا ئېچىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوقىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. تۈلكە خېرىدار كۆپەيتىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ ــ دە، ئاشخانىنىڭ ئىشىك بېشىغا: «ئەتە تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ خەت چاپلاپ قويۇپتۇ. كەچقۇرۇن كوچىدا كېتىۋاتقان غازنىڭ كۆزى ئاشخانىنىڭ ئىشىك بېشىدىكى: «ئەتە تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دېگەن يوغان خەتكە چۈشۈپتۇ ۋە كۆڭلىگە دەرھال، ئەتە كېلىپ قورساقنى راسا بىر تويغۇزۇۋالاي، دېگەننى پۈكۈپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. غاز ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپتۇ. خوجايىن تۈلكىۋاي جۇلدۇر كىيىملىك غازنىڭ باش ــ ئاياغىغا قاراپتۇ ۋە:

ــ تاماققا تۈلكىگۇدەك بىر نېمىڭىز بارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ نېمە؟ بۈگۈن تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدىغان كۈنغۇ؟ ــ دەپتۇ غاز.

ــ نەدىكىنى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپ بېقىڭ، ــ دەپتۇ تۈلكە. غاز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ: «ئەتە تاماق يېگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ يېزىلغان خەتنى كۆرۈپتۇ. تۈلكە قۇۋلۇق بىلەن:

ــ بۈگۈن ئەمەس، ئەتە! ــ دەپتۇ. غاز ئۆزىنىڭ ئالداڭغانلىقىنى چۈشىنىپ:

ــ ئەمدى ئۇقتۇم، بۇ مەڭگۈ كەلمەس ئەتە ئىكەنغۇ! ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئات بىلەن يولۋاس

ئات كەڭ دالىدا ئوتلاپ يۈرسە، ئالدىدىن بىر يولۋاس چىقىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئات قورقۇپتۇ، لېكىن قورققان-لىقىنى بىلىندۈرمەي:

— كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاستىن.

— يولۋاسمەن، بارلىق ھايۋانلارنىڭ پادىشاھىمەن، سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟ — دەپتۇ يولۋاس.

— مەن ھەممە ماللارنىڭ باشلىقى، — دەپتۇ ئات.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس، باشقا بىر باشلىققا دۈچ كېلىپ قاپ-تىمەنغۇ، دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەر ھالدا مەن سېنىڭدىن چوڭراق، — دەپتۇ.

— ياق، سېنىڭدىن مەن چوڭ، — دەپتۇ ئات.

ئۇلار ئۇزاقىچە گەپ تالىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىر ئات:

— بولمىسا، كۈچىمىزنى سىنىشىپ كۆرەيلى ! كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ چوڭ بولسۇن ! — دەپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ يولۋاس، — كۈچىمىزنى نېمە بىلەن سىنايمىز؟

— قايسىمىز تاشتىن ئۇچقۇن چىقىرالىساق، ئەنە شۇ كۈچلۈك، — دەپتۇ ئات.

يولۋاس بۇ تەكلىپكە كۆنۈپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ كۈچەـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ پۇتلىرى بىلەن تاشنى تېپىپتۇ، تېپىپتۇ، لېكىن بىر تالمۇ ئۇچقۇن چىقماپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئات تاقىلانغان تۇيىقى بىلەن تاشنى بىر تەپكەنىكەن، چاراس – چۇرۇس، ۋال – ۋۇل قىلىپ تۆت تەرەپكە ئۇچقۇنلار چاچراپتۇ.

ئۇچقۇننى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن يولۋاس ئالدى – كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كەرپە بىلەن توشقان

بىر كۈنى توشقان كىرپىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سېنىڭ جۇۋاڭ قانداق يامان، ساپلا تىكەن، مېنىڭ بولسا يۇمشاق مامۇقتەك، — دەپ ماختىنىپتۇ. كىرپە:

— يامان بولسىمۇ، مېنىڭ جۇۋام ئىت بىلەن بۆرىدىن ساقلايدۇ، سېنىڭ ياخشى جۇۋاڭ سېنى شۇنداق ساقلىيالامدۇ؟ — دەپ سوراپ تۇرۇشىغا، بىر بۆرە جاڭگالدىن چىقىپ كەپتۇ. توشقان قورققىنىدىن ئوقتەك چېپىپ، چاتقال ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توشقان: «ھە، مېنى ساقلايدىغان جۇۋام ئەمەس، پۇتۇم ئىكەن-دە!» دەپ خاتاسىنى چۈشىنىپتۇ.



# ئۈچ تۆلكە

ئەشقە ئىسىملىك بىر توشقان بارئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېشىكىگە مىنىپتۇ ـ دە، خوتىكىنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭگال-لىقنىڭ نېرىسىدا تۇرىدىغان ئاكىسىنىڭكىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئېرىق بويىدا سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگەن توشقانلار:

— جاڭگال قورقۇنچلۇق، بارمىغىن، — دېيىشىپتۇ، ئەمما ئەشقە بۇنىڭغا قۇلاق سالماپتۇ.

كۈن راسا قىزىغان چۈش پەيتى ئىكەن. شوخ خوتەك ئويناقلاپ بېشىدىكى پۆپۈكلىرىنى سىلكىتىپ تىترىتىدىكەن، ئۇنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇرىقى توختىماي جىرىڭلايدىكەن.

جاڭگاللىقتا ياشايدىغان بىر ئۇۋلىق تۆلكە قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، قۇلاقلىرى دىڭگىيىپتۇ.

— ئەشقە كېلىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ بالا تۆلكە.

— ئالدىرىما، ھېلى ئەدىپىنى بېرىمىز، — دەپتۇ ئانا تۆلكە، — مەن ئېشىكىنى ئېلىپ قاچىمەن.

— مەن خوتىكىنى ئېلىپ قاچىمەن، — دەپتۇ ئاتا تۆلكە.

— مەن كىيىملىرىنى ... — دەپتۇ بالا تۆلكە.

ئەشقە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېشىكىنى ھەيدەپ ئالدىدا مې-ڭىۋېرىپتۇ، ھېرىپ كەتكەن خوتەك بولسا خېلىلا كەينىدە قاپتۇ. ئەشقە كەينىگە تولا قاراپ، خوتەكنى چاقىرىپ ھېرىپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇ ـ دە، ئەڭ ئاخىر، قوڭغۇراق جىرىڭلاۋاتىدىغۇ، خوتەك كىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ، بىمالال كېتىۋېرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئانا تۇلكە ئاستا خوتەكتىن قوڭغۇراقنى يېشىۋاپتۇ ـ دە، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇپتۇ ۋە خوتەكنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

بىر بۇرۇلۇشتا ئانا تۇلكە پەيدا بوپتۇ ـ دە:

ــ ھەي توشقانجان، ئۆزۈڭ يالغۇز قاياققا كېتىپ بارىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئەشقە، شۇم تۇلكە خوتىكىمنى ئېلىپ قاچمىسۇن ! دەپ ئارقىسىغا قاراپتۇ. خوتەك يوق. «ۋاي خوتىكىمەي... قەيەردە قالدىڭ؟» دەپ بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

ــ يىغلىما، ــ دەپتۇ ئانا تۇلكە، ــ خوتىكىڭ قاياققا مېڭىشىنى بىلمەي نېرىقى دوقمۇشتا تۇرىدۇ، بېرىپ ھەيدەپ كەلگىن، مەن ئېشىكىڭگە قاراپ تۇراي.

ئەشقە ئېشەكنى قالدۇرۇپ ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. «ۋاي لەپشەكەي» دەپ كۈلۈپتۇ ئانا تۇلكە ۋە ئېشەكنى يورغىلىتىپ ئېلىپ قېچىپتۇ.

ئەشقە خوتەكنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ، قارىسا، ئېشىكى يوق. ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە ئەمدى ئۆزۈمنىمۇ ئوغرىلاپ كەتمىسىدى... دەپ ئويلاپتۇ.

ئەشقە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، كۆلنىڭ بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بالا تۇلكىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە:

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ شورۇم قۇرۇدى، ــ دەپتۇ بالا تۇلكە، ــ بازارغا كېتىپ باراتتىم، بىر ھەميان ئالتۇنۇم سۇغا چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى دادام ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى.

ــ يىغلىما، ــ دەپتۇ ئەشقە ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ.

— ئۇزۇشنى بىلسەڭ، ئاچىقىپ بەرگىنە ! يۈز تەڭگىسىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ بالا تۆلكە. «ئېشەك بىلەن خوتەكنىڭ باھاسى يۈز تەڭگىگە تۇرماسمۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئەشقە، — مەيلى، يۈز تەڭگە بولسىمۇ ئالاي، بۇنىڭغا بىر ئېشەك بولسىمۇ سېتىۋالسام بولىدۇ...»

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئەشقە ۋە ھەش - پەش دېگۈچە كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ سۇغا شۇڭغۇپتۇ.

«مۇرادىمغا يەتتىم» دەپ كۈلۈپتۇ بالا تۆلكە ۋە ئەشقەنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكىنىڭ تاپقان دورىسى

بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ ئەزەلدىنلا قورساق ئاغرىقى بول-غاچقا، بۆرە بىر ئىلاجىنى قىلىپ تۈلكىنىڭ ئەدىپىنى بې-رىشنى ئويلاپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى «پادىشاھ يولۋاس ئاغرىپ قاپتۇ» دېگەننى ئاڭ-لىغان بۆرە ھال سوراپ، پايپاسلاپ يولۋاسنىڭ يېنىغا بېرىپ-تۇ. يولۋاس ئاغرىقى خېلىلا ياخشىلىنىپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەزگىلى ئىكەن. «ھال سورىغان كۆڭۈلگە ياخشى» دېگەندەك، يولۋاس بۆرىنىڭ ھال سوراپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئەمدى پۇرسەت كەلدى، دەپ ئويلىغان بۆرە يولۋاسقا تۈلكىنى يامانلاشقا باشلاپتۇ:

— تەقسىر، سىزنى ئاغرىپ قالدى دېگەننى ئاڭلاپلا يوقلاپ كەلدىم. ھېلىقى ھارامزادە تۈلكە ئاغرىپ ياتقانلىقىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، يوقلاپ قويۇشقۇ ئۇياقتا تۇر-سۇن، تېخى بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس ئاچچىقلىنىپ، تۈلكىنى دەرھال چاقىرتىپتۇ. قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن تۈلكە يولۋاسنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ ئول-تۇرغان بۆرىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپتۇ.

تۈلكىنى كۆرگەن يولۋاس غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— سەن نېمانچە يوغناپ كەتتىڭ؟ ! ئاڭلىسام، ئارقامدىن غەيۋەتىمنى قىلىپ يۈرۈپسەنغۇ؟ ! — دەپتۇ.

— تەقسىر، ئۆزلىرى ئاغرىپ قالغان كۈندىن بۇيان مەندە كۈندۈزى ئاراملىق، كېچىسى ئۇيقۇ يوق، دەردلىرىگە شىپا بولغۇدەك دورا ئىزدەپ بارمىغان يېرىم، سورىمىغان ئادىمىم قالمىدى. ئاخىر ئۇنى تېپىپ ئالدىلىرىغا ئەكەلدىم، — دەپتۇ تۈلكە خۇشامەت بىلەن.

«شىپالىق دورا تېپىپ كەلدىم» دېگەننى ئاڭلىغان يولۋاس تاقەتسىزلىنىپ:

— ئۇ قانداق دورا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ دورا — بۆرىنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسى. بۆرىنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىگە يۆگىنىپ راسا تەرلەنسىلە، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىلا.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغالغان بۆرە غىپپىدە قېچىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ.

قۇرۇق سۆزدىن بۆرىنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسىنى ئەۋزەل كۆرگەن يولۋاس بۆرىنى بولجۇتماي تۇتۇپ، پوكىنىغا بېسىپتۇ — دە، يەۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەمەخور بۆرە

نەچچە كۈندىن بۇيان قانلىق ئاغزىغا بىر تال چىۋىنمۇ سالماي ئاچ يۈرگەن بۆرە كەچقۇرۇندا بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ مارايتۇ. ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى:

— بولدى، يىغلىما، ئەمدى يەنە يىغلايدىغان بولساڭ، بۆرىگە بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

مېنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىمنى ئۆي ئاياللىرىمۇ بىلىدىكەنغۇ، ئەمدى بالىسى يىغلايدىغان بولسا، ماڭا بېرىۋېتىدۇ، دەپ تەمە قىلغان بۆرە ئىشىككە يۆلىنىپ تاڭ ئاتقۇچە بالىنىڭ يىغلىشىنى كۈتۈپتۇ.

بىر چاغدا بالا يەنە يىغلاپتۇ.

— يىغلىما، بالام، بۆرىگە بەرمەيمەن. بۆرە كېلىدىغان بولسا، ئۆلتۈرىمەن، — دەپ بالىسىنى بەزلەپتۇ ئانا.



ئادەملەردىن ماڭا قاچان مەنپەئەت يەتكەن، ئەمدى ئاستا كۆزدىن يوقىلاي، دەپ بۆرە ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. ئەمما، ئۇنى كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۆكۈز بىلەن پاقا

ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئۆكۈز سۇ ئىچىش ئۈچۈن كۆلگە كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن پاقىلار ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ، ھەممىسى ئۆكۈزنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ يەردە تۇرغان بىر قىزىل قولتۇق پاقا:

— ھوي، نېمىسىگە ھەيران بولىسىلەر ئۇنىڭ! يوغىناش قىيىن نەرسىمىكەن شۇنچە! مانا، ماڭا قاراڭلار، مەن ھازىر ئۆكۈزدىنمۇ يوغان بولىمەن، — دەپتۇ. ئۇ ئىچىگە ھاۋانى تارتىپ، كۆپۈشكە باشلاپتۇ ھەم يولداشلىرىدىن:

— ئۆكۈزدەك بولدۇممۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يولداشلىرى كۈلۈشۈپتۇ. كۆلگەنگە ئاچچىقى كەلگەن قىزىل قولتۇق پاقا ئۆكۈزدەك بولىمەن دەپ، كۈچىنىپ ھاۋانى ئىچىگە تارتىۋېرىپ، چىڭقىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ كۈچىسىز، نېپىز قورساق تېرىسى «پوڭڭىدە» يېرىلىپتۇ ـ دە، ئۆلۈپتۇ.

«ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىگ ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

# بۆرە بىلەن ئۆچكە

بىر كۈنى چۆپ چېپىۋاتقان دېھقان يول بويىدىكى تېرەك سايىسىدە چۈشلۈك تامىقىنى يەپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى قېلىن ئورماندىن بىر ئاچ بۆرە چىقىپ كەپتۇ ـ دە:

ـــ ئەي كىشى، نېمە يەۋاتىسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ نان بىلەن ھەسەل يەۋاتىمەن، ـــ دەپتۇ دېھقان.

ـــ ماڭىمۇ ئازراق بەرسەڭ، يەپ كۆرسەم !

دېھقان يەۋاتقان نېنىدىن بىر بۇردا سۇندۇرۇپ، ھەسەلگە تۇگۇرۇپ بۆرىگە بېرىپتۇ. يۇمشاق نان بۆرىگە بەك تەملىك تېتىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۇ:

ـــ مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، مەن نان يېيىشنى خالايمەن. بىراق، مەن ئۇنى قانداق پىشۇرۇشنى بىلمەيمەن، ـــ دەپتۇ.

دېھقان بۆرىگە ناننى قانداق تەييارلاشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ، يەر ھەيدەش، تېرىش، سۇغىرىشتىن باشلاپ تاكى ناننى يېقىپ پىشۇرغانغا قەدەر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ.

ـــ ۋاي ـ ۋۇي... ـــ دەپتۇ دېھقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بۆرە، ـــ بۇ بەكمۇ مۇشەققەتلىك ئىش ئىكەن. سەن ماڭا قانداق قىلىپ تەييارلا نانغا ئىگە بولۇش لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت بەرسەڭ !

دېھقان بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ بۆرىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداقتا سەن ياپلاقتا — يىلقىلارنىڭ يېنىغا بار. ئۇ يەردە بىر قۇلۇنلۇق بىيە بار، سەن شۇنىڭ قۇلۇنىنى يېگىن!

بۆرە دېھقاننىڭ سۆزىنى راست دەپ بىلىپ، ئۇدۇل ياپلاققا بېرىپتۇ. دېگەندەك بىر توپ يىلقا ئوتلاپ يۈرگەنىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇلۇنلۇق بىيىمۇ بار ئىكەن. بۆرە قۇلۇنلۇق بىيىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئانىسىنى ئېمىۋاتقان قۇلۇنغا ئېتىلىپتۇ. بىيە چېۋەرلىك بىلەن قوش ئاياغلاپ شۇنداق چىڭ تېپىپتۇكى، بۆرە خېلىغىچە ھوشىغا كېلەلمەي يېتىپ قاپتۇ.

ئاچ بۆرە ھوشىغا كېلىپ، ھېلىقى دېھقاننىڭ يېنىغا يەنە كەپتۇ ـ دە، يىغلامسىراپ:

— ئۇنى يېيىشكە مۇمكىن بولمىدى، — دەپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ دېھقان، — ئۇنىڭدىن نەپ ئالالمىغان بولساڭ، ئاۋۇ قىيالىق تاغقا چىق. ئۇ يەردە ئۆچكە تولا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سېمىزرەك بىرىنى تالالاپ شۇنى يېگىن!

بۆرە تاغقا چىقىپ، ئەڭ چوڭ، سېمىز بىر ئۆچكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ھە... بەللى! يېيىشكە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گۆش تېپىلارمۇ! — دەپتۇ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — سېنى يېيىشىمنى دېھقان بۇيرۇغانىدى، شۇڭا قارشىلىق قىلمىغىن!

— بۆرىۋاي، بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار، بوپتۇ، يېسەڭ يېگىن! لېكىن، مېنى پارچىلاپ يەيمەن دەپ ئاۋارە بولما، مېنىڭ تېرەمنى بۇزما! سەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، تاشقا ئۆزۈڭنى تىرەپ، پۇتلىرىڭنى كېرىپ، ئاغزىڭنى يوغان ئېچىپ تۇرغىن، مەن يۇگۈرۈپ كېلىمەن ـ دە، ئاغزىڭغا كىرىپ كېتىمەن، — دەپتۇ ئۆچكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۆرە ئۆچكىنىڭ دېگىنى بويىچە تورۇپتۇ. ئۆچكە يۈگۈرۈپ كېلىپ، كېلىشكەن مۈڭگۈزلىرى بىلەن بۆرىنى شۇنچىلىك قاتتىق ئۇسۇپتۇكى، بۆرە بىرقانچە سائەتكىچە ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ.

بۆرە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئەتراپىدا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ تۆت تەرەپكە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئۆچكىنى يېدىممۇ، يېمىدىممۇ؟ ئۇنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكىگە قارىغاندا يېگەن ئوخشايمەن» دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن تورنا

تورنا بىلەن تۈلكە دوست ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ تورنا بالا چىقىرىپتۇ، ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ تەربىيىلەپتۇ. تۈلكە تورنىنىڭ بالىلىرىغا كۆز ئالايتىپ، بۇلارنى يېسەڭ قانداق ھوزۇر ـ ھە! دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى تورنا بىلەن تۈلكە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپتۇ. تورنا يىراق كۆلگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تۈلكە بولسا دەررۇ كەينىگە يېنىپ، تورنىنىڭ بالىلىرىدىن سىمىزىنى تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. تورنا قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ياش تۆكۈپ دەپتۇ:

— شورىمىز قۇرۇدى. كەلسەم بىر بالاڭ يوق...

تورنا يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇلار يەنە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندە تورنىنىڭ يەنە بىر بالىسى يوقلۇقى بىلىنىپتۇ. تۈلكە يالغان ئېيتىپ:

— ئۇنى پاقا يەپتۇ، پاقىنىڭ مۇشۇ يەردە ئەگىپ يۈرگىنىنى كۆرۈۋىدىم، — دەپتۇ.

ئەتىگەنلىكى تورنا پاقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كۆلگە كېتىپتۇ. ئۇ پاقىلارنى ئۇۋا ـ ئۇۋىلىرىغا قوغلىۋېتىپ، قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئاخىرقى ئىككى بالىسىمۇ يوق تۇرغۇدەك. تورنا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئۆيۈڭ كۆيدى، — دەپتۇ تۈلكە ۋە تۇرنىنىڭ ئۆزىنىمۇ يېيىش پېيىگە چۈشۈپتۇ. تۈلكىنىڭ نىيىتىنى سەزگەن تۇرنا:

— دوستۇم، بۇ يەردە بىزگە كۈن يوق ئىكەن. يۈر، كېتىمىز، كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇزۇقلۇق كۆپ، — دەپتۇ.

— كۆلدىن قانداق ئۆتىمەن؟ مېنىڭ قانىتىم يوققۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

— مەن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ تۇرنا.

تۈلكە ماقۇل بوپتۇ. تۇرنا تۈلكىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئېگىز ئۆرلىگەندىن كېيىن:

— يەرنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا.

— ھە، مۈشتۈمدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

— ئەمدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ.

— تەڭگىدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ياخشى گەپ، — دەپتۇ تۇرنا ۋە تۈلكىنى قويۇۋېتىپتۇ...

تۈلكە موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشۈپ، خۇددى تېرىقتەك ئۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ.

# ھورۇن ئېشەك

بىر كىشى ئىككى ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىرراق، يەنە بىرىنىڭ يېنىكرەك ئىكەن. ئېشەكنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ياردەم سوراپ:

— ئاكا، بولالمىدىم، بىرئاز ياردەم قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— نېمە كارىم، — دەپتۇ يەنە بىر ئېشەك، — مەن كېتەلمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، يۈكى ئېغىر ئېشەك ھېرىپ ھالى قالماي، ئاخىر ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى يۈكنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ئېشەككە ئارتىپتۇ.



«ھورۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاچ بۆرە

بىر ئاچ بۆرە يەيدىغان بىر نەرسە تاپالماي، ناھايىتى سەرسان بوپتۇ. ئۇ، ئالدىمغا دۇچ كەلگەنلا نەرسىنى يەيمەن! دەپ ئويلاپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قوزىچاق چىقىپ قاپتۇ.

— ۋاھ، قانداق ياخشى ـ ھە! — دەپتۇ بۆرە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — قوزىچاق، مەن سېنى يەيمەن.

— توختا! شۇنداق قورۇقلا يەۋېرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قوزىچاق.

— بولمىسا، قانداق يەي؟ — دەپتۇ بۆرە.

— ئەگەردە ھوزۇر قىلىمەن دېسەڭ، — دەپتۇ قوزىچاق ئۇنىڭغا، — يېزىغا بارغىن، زىخ، پىياز، قارىمۇچ ئەكەلگىن، كېيىن گۆشۈمنى زىخقا ئۆتكۈز ـ دە، ياخشىلاپ كاۋاپ قىل. پىيازنى قارىمۇچ بىلەن ئەزگىن ۋە ئۇنى كاۋاپقا سېپىپ يېگىن. دۇنيادا مۇنداق كاۋاپتىن ئارتۇق غىزا يوق.

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ بۆرە ۋە يېزىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، يولدا قويچىلار يولۇقۇپتۇ. بۆرە:

— ھەي ئاغىنىلەر، ماڭا پىياز، زىخ، قارىمۇچ بېرىڭلار، قوزىچاقنى بەررە كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، ھوزۇر قىلىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. قويچىلار بۇنى ئاڭلاپ:

— مانا ساڭا پىياز، زىخ، قارىمۇچ! قېنى شۇ كاۋاپ يەيدىغان چىشلىرىڭ؟! — دەپ بۆرىنىڭ تۇمشۇقىغا تاياق بىلەن كېلىشتۇرۇپ راسا ساپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھورۇن ئىت

بىر يىلى قىش ناھايىتى قاتتىق كەپتۇ، قار ئۆگزە بويى يېغىپ، دەرەخ ئۇچىدىكى قاغىلار توڭلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. دائىم بوسۇغىدا يېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئىتنىڭ كۈنى تەس بوپتۇ. ئىت سوغۇقنىڭ دەستىدىن تۈگۈلۈپ يېتىپ بېشىنى چىقىرالمايدىغان، ئورنىدىن تۇرسا سەكىلدەپ، قاترايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قاتتىق سوغۇق ئىتنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ: «خەپ، مەنمۇ يازدا تازا ئىسسىق بىر ساراي سالمىسام، ئىت بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، يامان سوغۇق تۈگەپ، باھار كەپتۇ، بارا ـ بارا كۈنلەر ئىسسىپ كېتىپتۇ. ئىتمۇ تەڭلا ئىسسىپتۇ. ئىت ئويناپ ـ كۈلۈپ، كەچ بولغان يەردە يېتىپ، قىشتىكى قەسەمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.



شۇنىڭدىن كېيىن: «ئىت مۇزلىغاندا ساراي سالىدۇ، ئىسسىغاندا ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگەن تەمسىل پەيدا بولغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شورپا قىلالمىدۇق، كاۋاپمۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ ياۋا غازلارنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال ئوقيالىرىنى بەتلىشىپ ئاتماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاكىسى:

ـــ ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن شورپا سالايلى، ـــ دەپتۇ.

ـــ مېنىڭچە، كاۋاپ قىلساق لەززەتلىك بولىدۇ، ـــ دەپتۇ ئۇكىسى.

ئىككىيلەن تالىشىپ قاپتۇ، بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىر بىر ئادەمنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. نەتىجىدە، غاز گۆشىنىڭ يېرىمىدا شورپا سالىدىغان، يېرىمىنى كاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇلار «ئەمدى غازلارنى ئاتايلى» دەپ كۆككە قارىغانىكەن، غازلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.



«ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى

قۇيرۇقىنى چىقىرىپ يۈرسە كىشىلەرنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرگەن تۈلكە تانا بىلەن قۇيرۇقىنى قورسىقىغا تېڭىۋېتىپ ۋە ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلاپ، خاتىرجەم ھالدا ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە ئېتىزلىققا بارغاندا دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە، يۈرىكى پوكۇلداپ:

— دېھقان تاغا، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى بولىدۇ، قۇيرۇقى بولمىسا، ئۇنى تۈلكە دېگىلى بولمايدۇ، قارا، مانا مېنىڭ قۇيرۇقۇم يوق، مەن تۈلكە ئەمەس... — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا دېھقان كەتمەن بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغانىكەن، تۈلكە ۋايجانلاپ سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە قۇيرۇقى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ.



دېھقان قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھەرقانداق نەرسە نىقابلىنىۋالسىمۇ، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغاندا ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۆرە بىلەن قاپاق

بۇرۇنقى زاماندا، تاغ باغرىدىكى بىر يېزا ئەتراپىدا تولدىمۇ ياۋۇز بىر بۆرە ياشايدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى يېزىنى تىنتىپ، دېھقانلارنىڭ قويى ياكى كالىسىنىڭ قورسىقىنى ياردىكەن ــ دە، يېگىنىنى يەپ، يېمىگىنىنى تاشلاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى بۆرە يەنە يېزىنى تىنتىپ، بىر دېھقاننىڭ يالغۇز قويىنى يەپ، قورسىقى يېرىلغۇدەك تويۇپ، ئىنىغا كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تاڭغا يېقىن گۈلدۈرلەپ بوران چىقىپتۇ ــ دە، يوغان بىر قاپاقنى دوملىتا ــ دوملىتا ھېلىقى ياۋۇز بۆرىنىڭ ئىنىغا ئاپىرىپ كەپلەپ قويۇپتۇ. قاپاق بوراندا قاتتىق غوڭۇلداشقا باشلاپتۇ.

تويۇۋېلىپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بۆرە بوراننىڭ قاتتىق گۈركىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، سىرتتا بىرنەرسىنىڭ غەلىتە غوڭۇلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۆمرىدە مۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغان بۆرە قولىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، بىر ــ ئىككى چامدام بېرى كېلىپ يەنە تىڭشاپتۇ. تىڭشىغانسېرى غوڭۇلدىغان ئاۋاز كۈچىيىپتۇ. بۆرە يۈرىكى جىغىلداپ، سۈر بېسىپ تەرلەپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بۆرە ئىنىنىڭ ئېغىزىغا زادىلا بارالماپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ. بۆرە ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـىدىن چىقاي دېسە، غوڭۇلدىغان ئاۋازدىن قورقىدىكەن، چىقـ-
ماي دېسە، قورسىقى ئېچىپ ئىككى بىقىنى بىر ـ بىرىگە
چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئاچلىقنىڭ ئەلىمى ئۆتكەن بۆرە نېرى
ئويلاپ، بېرى ئويلاپ: «يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل» دەپتـ-
كەن، تومشۇقۇم بىلەن بىرلا تورتۇپ غوڭۇلداقنى چۆچۈتۈۋې-
تىپ، قۇيرۇقنى تىكىۋەتمەيمەنمۇ، دەپتۇ ـ دە، جىنىنىڭ با-
رىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، قاپاقنى تومشۇقى بىلەن قاتتىق تور-
توپ ئىنىدىن چىقىپتۇ. قاپاق دومىلاپ بېرىپ شامال تەگمەي-
دىغان كارىزغا چۈشۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۆرە دۆڭگە چىقىۋېلىپ،
سالپاڭ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ قاپاققا قاراپتۇ، قاپاق غوڭۇلدى-
ماپتۇ. بۆرە ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ:

«ھەي غوڭۇلداق، قېنى ئەمدى غوڭۇلداپ باقە!» دەپتۇ،
ئەمما قاپاق جىم تۇرۇپتۇ. بۆرە: «بىر تورتۇپ قويۇۋىدىم،
چۆچۈپ توختاپ قالدى، بىراق سەھەردە يەنە غوڭۇلداپ ئۆيۈ-
كەمنى ئېلىپ بېشىمغا قاقىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇنى ھازىرلا يوقى-
تاي» دەپتۇ ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قاپاقنىڭ يې-
نىغا كەپتۇ.

«ھەي، سەن مېنى شۇنچىۋالا قورقۇتامسەن؟» دەپتۇ بۆرە قا-
پاققا. قاپاق ئۈن چىقارماپتۇ. بۆرە غەزەپلىنىپ، قاپاققا قاراپ:

«سەن مېنى ئاز قىينىدىڭمۇ؟ بىرىنچىدىن، يۈرىكىمنى
يېرىۋەتكىلى تاس قالدىڭ، ئىككىنچىدىن، ئىككى كۈن ئاچ
قويدۇڭ. سېنىڭ جاجاڭنى بەرمىسەم» دەپلا قاپاقنى قۇيرۇقىغا
باغلاپ سازايى قىلماقچى بولۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بۆرە قاپاقنى سۆرەپ تۈزگە چىققاندىن كېيىن، قاپاقنىڭ
ئاغزىغا شامال ئۇرۇلۇپ، ئاستا غوڭۇلداپتۇ. بۆرىگە يەنە تىتـ-
رەك ئولىشىپ، تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىشقا باشلاپتۇ، قاپاق تې-
خىمۇ قاتتىق غوڭۇلداپتۇ. بۆرە بۇ ئەمدى مېنى ئۇجۇقتۇرۇ-

ۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئالاقزادە بولۇپ، قاپاقنى چۆكتۈرۈپ غەرق قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، دەرياغا قاراپ بولۇشىغا يۈگۈرۈپتۇ. شامالنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى بىلەن قاپاق تېخىمۇ قاتتىق غوڭۇلداپتۇ. قورقۇپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان بۆرە دەريانىڭ بويىغا كېلىپ، قاپاقنى قۇيرۇقىدىن يېشىپ چۆرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ، دەرياغا شۇ پېتى كىرىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قاپاقنىڭ ئىچىگە لىق سۇ توشۇپ، بۆرىنى چوڭقۇر قايناملغا سۆرەپ كىرىپ كېتىپتۇ. بۆرە ئۆلۈپتۇ، تاغ باغرىدىكى دېھقانلار ئارام تېپىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى جازالىشى

بىر تۈلكە ئېتىزلىقنى ئارىلاپ يۈرسە، ئىتلار كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئارقىدىن تاپ بېسىپ قوغلاپتۇ. يەردە قار يوق كۈنلەر بولغاچقىمۇ، تۈلكە ئىتلارنى ئۆزىگە يەتكۈزمەي، قېچىپ بېرىپ ئىنىغا سالامەت كىرىۋاپتۇ. تۈلكە ئىنىدا ئولتۇرۇپ، دېمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى قۇلىقىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— بىز شاپۇر ـ شۇپۇر، تاراس ـ تۇرۇس، تاڭ ـ تۇڭنى ئاڭلاپ سىزگە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردۇق.

— كۆزلىرىم، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— يولدا چېلىققان ياخشى ـ يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى كۆڭلىڭىزگە سېلىپ تۇردۇق.

— پۇت ـ قوللىرىم، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— بىز سىزنى ئادەمزات ۋە ئىت، قۇشلارنىڭ قەستىدىن قۇتقۇزۇپ قالدۇق.

— قۇيرۇقۇم، سەن نېمە قىلدىڭ؟

قۇيرۇق ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تۈلكە يەنە سوراپتۇ:

— ئېيتە، قۇيرۇقۇم، سەن نېمە قىلدىڭ؟

— سىز ھېچنېمىگە قارىماي قاچقاندا، شاخ ـ شۇمبا، قوراي ـ چاۋار، تىكەن ـ پىكەنلەرگە ئىلىنىپ قېلىشقا تاس

قالدىم، — دەپ راستىنى ئېيتىپتۇ قۇيرۇق. تۈلكە تۇرۇپ ئويلىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى: «مېنى ھەر بالاغا دۇچار قىلىدىغان مۇشۇ قۇيرۇقۇم ئوخشايدۇ» دەپ، قۇيرۇقىنى سىرتتا قاراپ تۇرغان ئىتلارغا يېگۈزۈۋەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، سىرتقا چىقىرىپتۇ. ئىتلار قۇيرۇقنى چىشلەپ تارتىپ، تۈلكىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنىدىن سۆرەپ چىقىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇشۈك بىلەن چاشقان

بۇرۇنقى زاماندا مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن: قېرى مۇشۈك بىر كۈنى بىر چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، يېقىن ئارىدا بۇ يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا كۆچۈپ كېتىمەن. ياش چېغىمدا ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، سىلەرگە تولا جەبىر - زۇلۇم سالدىم. كۆچۈش ئالدىدا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ھەممىڭلاردىن ئەپۇ سورىسام دەيمەن، سەن بېرىپ چاشقان ئەۋلادىنى قويماي چاقىرىپ كەلگىن.

چاشقان مۇشۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇش بوپتۇ. مۇشۈكنىڭ تەكلىپىنى بارلىق چاشقانلارغا يەتكۈزۈپتۇ. چاشقانلار مۇشۈكنىڭ ئىنساپىغا رەھمەت ئوقۇشۇپ، دەرھال جەم بولۇپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا بىر قېرى چاشقان ئۇچراپ سوراپتۇ:

— جامائىتىڭلار جەم بوپتۇ، سەپىرىڭلار قاياققا؟

چاشقانلاردىن بىرى بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قېرى چاشقان:

— ھەي ئەخمەقلەر، بۇ قېرى مۇشۈكنىڭ ھىيلىسى، بىزنى بىر - بىرلەپ يوقىتالماي، مىڭلاپ يوقاتماقچى بولغىنى، بارماڭلار، — دەپتۇ. توپلىشىپ كېلىۋاتقان چاشقانلار قېرى چاش-

قانىتىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، قېرى مۈشۈكنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

قېرى مۈشۈك ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ، چاشقانلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، ھەربىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈ-شۈپ، ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. چاشقانلار ئۆيىگە تامامەن كىرىپ بولغاندىن كېيىن، قېرى مۈشۈك ئىشىكنى ئېلىپ قويۇپتۇ، چاشقانلارنىڭ داد - پەريادىغا قارىماي، بىر - بىرلەپ بوغۇۋې-تىپتۇ. شۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە چاشقان مۈشۈك بار يەرگە يولىمايدىكەن.



# ئات بىلەن ئىت

ئات بىلەن ئىت بىر قورۇدا تۇرسىمۇ، ئىت ئۆزىنىڭ سەزگۈرلۈكى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئاتنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىكەن، بەزىدە: «سوكال قويرۇق، پالاس كالپۇك لەقۋا» دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئىت ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا، سۇ ئىچكىلى چىقىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قاۋاپتۇ، ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى چىشلەپ قويۇپتۇ. ئات ئىتنىڭ بىشەملىكىدىن خاپا بولۇپ بىر چەكچەيگەندىكەن، ئىت ئارقىسىغا داجىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپتۇ، ئاندىن مۇغەمبەرلىك بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ:

— مەن قىل قىمىرلىسا تۇيىدىغان سەگەك، كېچە - كۈندۈز ئۆينى ساقلايمەن، ئوغرى - يالغانچى قورۇغا زادىلا كىرگۈزمەيمەن، — دەپ ماختىنىپتۇ. ئات ئىتنىڭ ماختانچاقلىقىدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئۆيدە ھەربىرىمىزگە لايىق ئىش بار، ئۆز ئىشىمىز بىلەن ماختانمايلى، — دەپتۇ.

— ماختانمايچۇ، سەن يەر ھەيدەيسەن، ھارغۇچە يەيسەن شۇ، قولۇڭدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ.

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ ئات، — مەن يەر ھەيدەيمەن، خامان تېپىمەن، ئاشلىقنى ئۆيگە توشۇيمەن، تۈگمەن-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

گە ئېلىپ بارىمەن، قىش كۈنلىرى ئۆيگە كۆمۈر، ئوتۇن تو-شۇيمەن، بۇلار ئىش ئەمەسمىكەن؟

— بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ ئىت.

ئاتنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەپتۇ - دە، ئىتقا ئالىيىپ تۇرۇپ:

— ئۇگۇتنى تۇگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن قىلمىسام كېپەك چىقمايدۇ، كېپەك چىقمىسا، سەن نېمە يەيسەن؟ — دەپتۇ. ئىت غىڭ قىلالماي قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىغا قاراپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاپقان پۇلۇمنى ئۇچكە بۆلىمەن

بىر يېزىدا يېشى قىرىقىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ ئادەم تولىمۇ ئەمگەكچان بولۇپ، مەيلى يازنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىرىدا ياكى قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا بولسۇن، تىنىم تاپماي ئىشلەيدىكەن. بۇ كىشىنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي ئۇنىڭغا زوقلىنىپ، ئىچىدە بۇ نېمىدېگەن ئىشچان، نېمىدېگەن غەيرەتلىك ئادەم، خۇدايىم قولىغا دەرد بەرمىسۇن، دەيدىكەن.

بىر كۈنى ئىشچان ئادەم بىلەن بوۋاي ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بوۋاي سوراپتۇ:

— بالام، نېمەڭگە نېمە يەتمەي شۇنچە ئىشلەيسەن؟

— ئائىلەم ئۇچۇن ئىككى - ئۇچ كىشىنىڭ ئىشىنى قىلمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئىشلىگەنگە تۇشلۇق پۇل تاپىدىكەنسەن - دە؟

— شۇنداق، تاپقان پۇلۇمنى ئۇچكە بۆلىمەن: بىر قىسمىدا قەرزىمنى قايتۇرىمەن، يەنە بىر قىسمىنى قەرزگە بېرىمەن، قالغىنىنى ئۆزۈم خەجلەيمەن، — دەپتۇ.

— ۋوي، قەرز قايتۇرۇپ تۇرۇپ، يەنە قەرز بەرگىنىڭ نېمىسى؟ بۇ تەرىپىڭ ماڭا قاراڭغۇ بولۇپ قالدىغۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— مېنىڭ قولى ئىش - ئەمگەكتىن قالغان ئاتا - ئانام بار، ئۇلار مېنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ھازىر ئۇلار كۆ-چىدىن قالدى، ئەمدى مەن ئۇلارنى بېقىشىم كېرەك، بۇ مې-نىڭ قەرز قايتۇرغىنىم. ئۆزۈمنىڭ باللىرىم بار، ئۇلار تېخى كىچىك، ئۇلارنى بېقىشىم كېرەك، بۇ مېنىڭ ئۇلارغا قەرز بەرگىنىم.

ياخشى پەزىلەتلىك كىشىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان بوۋاي:

— ياشا، ئوغلۇم، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، مۇرادىڭغا يەت! — دەپتۇ.

# خام خىيال

بىر بالا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ، بىر جىگدىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ: «هازىر مۇشۇ توشقاننى تۇتۇۋالسام، بازارغا ئاپىرىپ ساتسام، پۇلىغا بىر توخۇ ئالسام، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇملارنى كۈرۈك توخۇغا باسۇرۇپ بەرسەم، تۇخۇمدىن چۈجىلەر چىقسا، چۈجىلەر چوڭ بولغاندا، سېتىپ بىر قوي ئالسام، قوي ئىككىدىن تۇغسا، چوڭ بولغان قوزىلارنى سېتىپ راسا كېلىشكەن بىر ئات ئالسام، مال ـ ۋاران پادا ـ پادا بولۇپ كەتسە، بىر قىسمىنى سېتىپ قورۇ ـ جاي ئالسام، يەر ئېلىپ دېهقانچىلىق قىلسام، بۇغدايلىرىم ئوخشاپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىلەر پىشىپ كەتسە، ئاپام بىلەن دادام: «يارايسەن ئوغلۇم! يارايسەن!» دەپ كېتەتتى ـ هە!» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، توشقان ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالا «هەسسىنە!» دەپ ئېغىزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھمەتلىك

بىر تايغان تۆلكىنى قوغلاپ يېزا ئىچىگە كىرىپ كەپتۇ. قورققىنىدىن تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتكەن تۆلكە بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، تايغاندىن سەل ئۇزاپتۇ ــ دە، مۈشۈك-كە يولۇقۇپ قاپتۇ.

ــ ئەي ھۆرمەتلىك مۈشۈك، سەن بىلىسەن، بۇ ئەتراپتا قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھمەتلىك؟ مەن كىرىۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلسام، ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مانا، مۇشۇ ئۇدۇلۇڭدىكى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھمەتلىك، نۇرغۇن ئۆيلىرى، ئېغىل ــ قوتانلىرى بار، كىرىۋالساڭ، ــ دەپتۇ مۈشۈك.

ــ ھەي، ياقەي، ــ دەپتۇ تۆلكە بېشىنى چايقاپ، ــ مەن بىر زاماندا بۇ ئادەمنىڭ بىر ئاق غېزىنى يەۋەتكەنىدىم.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دەپتۇ مۈشۈك يول بويىدىكى باغۋارانلىق بىر ئۆينى كۆرسىتىپ، ــ بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى رەھمەتلىك، سېنى ھەر ئامال بىلەن ئامان ساقلاپ قالىدۇ.

ــ بولمايدۇ، مەن بىر چاغدا بۇنىڭ ئۆردىكىنى يەپ قويغان.

مۈشۈك ھەيران بولۇپ:

ــ ھەي، بۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئالا قويماي زىيان سالغاند-كەنسەن، ئەمدى ساڭا رەھىم قىلغۇدەك بىرەرى چىقارمۇ؟ ــ

دەپتۇ تۈلكىگە.

— چىقىپ قالار، «يۇرت ئىتىكى كەڭ» دېگەن گەپ بار. تايغان يېتىپ كەلگۈچە يەنە بىرىنى كۆرسەتكىنە؟ — دەپتۇ تۈلكە.

مۈشۈك يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ-تۇ. تۈلكە ئۇنىڭمۇ بىر توخۇسىنى يەپ قويغىنى ئۈچۈن:

— مۈشۈك ئاداش، بۇمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئاڭغىچە تايغان يېتىپ كەپتۇ. مۈشۈك تۈلكىگە قاراپ:

— كۆردۈڭمۇ، ئەمدى «رەھىم»نى ساڭا مۈشۈ كىلىۋاتقان تايغان قىلسۇن، — دەپ تايغاننى كۆرسىتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچ ھورۇن

بۇنىڭدىن خېلى زامان بۇرۇن ئۈچ ھورۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن دوست بولسىمۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئەزمىلىك قىلىپ، بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ، ۋاقتىدا پۈتتۈرمەيدىكەن.

ئۈچ ھورۇن بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ سەيلە قىلماق بولۇپ، بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ سەھراغا مېڭىپتۇ. ئۇلار ئەزمىلىك قىلىپ، دېگەن قەرەلىدە سەھراغا يېتىپ بارالماي، بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتۇ.

كۆپ ئۆتمەيلا بىر بالا قېتىق ۋە نان ساتقىلى كەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئۈچ ھورۇن پۇل يىغىش قىلىپ بالىدىن قېتىق ۋە نان سېتىۋاپتۇ. ئۈچ ھورۇن ئۆستەڭدىن سۇ ئەكېلىپ قول يۇماقچى بوپتۇ.

— سۈنى سەن ئەكەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ بىرىنچى ھورۇن ئىككىنچى ھورۇننى.

— نېمىشقا مەن ئەكېلىمەن؟ مۇنۇ ئەكەلسۇن، — دەپتۇ ئىككىنچى ھورۇن ئۈچىنچى ھورۇننى كۆرسىتىپ.

— مەنما؟ — دەپ ئىككىسىگە گۆلىيىپتۇ ئۈچىنچى ھورۇن، — ئىت ئەكەلسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ھورۇن ئىككى چامدام يەردىكى سۈنى

ئەكېلىشكە ھۆرۈنلۈق قىلىپ، بىرى يەنە بىرىنى بۆيرۇپ، كۈننى كەچ قىپتۇ. ئاخىر بىر - بىرىگە ماي تارتىشىپ گەپمۇ قىلماي جىم بولۇشۇپتۇ. شۇ ئارىدا، ئىت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ناننى يەپ، قېتىقنى ئىچىۋېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەقدىرگە تەن بەرگىن

بىر يېزىدا بەكمۇ سالاپەتلىك ۋە پاكىز قىرىغان بىر بوۋاي بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بۇ يېزىدىكى بىر يىگىت بوۋاينى يوقلاپ كىرىپتۇ. يىگىتنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— ئوغلۇم، تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇ-ئارمانلىرىم بار ئىدى. ناۋادا قازايىقەدەر يېتىپ قالسا، شۇ پېتىلا قالىدىغان بولدى-دە، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ.

— ۋاي چوڭ دادا، — دەپتۇ يىگىت، — سەن يەيدىغىنىڭنى يەپ، كىيىدىغىنىڭنى كىيىپ بولدۇڭ. ساقىلىڭ ئاقىرىپ، چىشىڭ سارغايدى. سەن چۆنەكتىكى پىشىپ قالغان قوغۇن، بۇنى بىرى ئۈزمىسىمۇ، ئۆزى پىلەكتىن ئاجراپ كېتىدۇ. قوغۇنلۇقتا كىرگەنلەر ئالدى بىلەن پىششىقىنى ئۈزىدۇ. تەقدىرگە تەن بەرگىن!

يىگىتنىڭ تەسەللىسى بوۋاينىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى بوۋاي ساقىيىپ، يىگىت ئاغرىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇنى يوقلاپ كىرسە، يىگىت زارلىنىپ:

— بوۋا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى كۆرمىدىم، ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم، قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھەي بالام، ئورۇنسىز ئۆكۈنمە. بىر قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، قوغۇننىڭ پىششىقىنىمۇ، توڭىنىمۇ ئۈزىدۇ. ئۆلۈم-نىڭ نۆۋىتى كەلسە ياش - قېرىغا باقمايدۇ، ئۇنىڭغا نىمە ئا-مال بار؟! تەقدىرگە تەن بەرگىن! — دەپتۇ بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تىلمىغا باغلىسىلا

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم يىراق بىر شەھەردىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ تونۇشمايدىغان بىر سودىگەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قاپتۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بۇ ئادەم سودىگەرگە:

— ئۆيگە كىرىپ بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئېلىپ كەتسىلە، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ.

— شۇنداق قىلاي، — دەپتۇ سودىگەر تارتىنمايلا ۋە ئاتتىن چۈشۈپتۇ، لېكىن بۇ سودىگەر ئۆيگە شۇ كىرگىنىچە بىرنەچچە كۈن قونۇپ مېھمان بوپتۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ قىلچە چاندۇرماي ئوبدان كۈتۈپتۇ. سودىگەر قايتىش ئالدىدا:

— رەھمەت، ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. مەن بۇ يولدىن دائىم ئۆتۈپ تۇرىمەن. خاتىرجەم بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن پات - پات كېلىپ تۇرىمەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ سودىگەر يەنە كەپتۇ. ئۆي ئىگىسى يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ئېتىنى قولىدىن ئېلىپ، ھۆرمەت بىلەن يەنە ئۆيىگە باشلاپتۇ. بۇ قېتىم سودىگەر بىر ھەپتە مېھمان بوپتۇ. ئۆي ئىگىسى بالىجانلىق، قول - ئىلكىدە يوق ئادەم بولسىمۇ، يەنە بىلىندۇرمەي، قوشنىلىرىدىن ئۆن - پۇن ئۆتنە ئېلىپ يۈرۈپ كۈتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، بۇ سودىگەر بىر ئاينىڭ ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كېلىدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا بۇ مېھماندىن بىزار بوپتۇ. لېكىن، كەلمەك دېگىلى بولمىغاچقا، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، بۇرۇنقىدەك يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەتلەپ كەتمەپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر يەنە كەلگەنىكەن، ئۆي ئىگىسى بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— ئۆيگە كىرسىلە، — دەپتۇ، بىراق ئېتىنى قولىدىن ئالماپتۇ. سودىگەر ئاتتىن چۈشۈپ:

— ئېتىمنى نەگە باغلايمەن؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى زەردە بىلەن:

— نەگە باغلايتتىلە، ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا باغلىسىلا! — دەپتۇ.

«ئېتىمنى نەگە باغلايمەن» دېسە، «ئۆيگە كىرسىلە دېگەن تىلىمغا باغلىسىلا» دېگەن ماقال مۇشۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندا تارىيسى www.uyghurkitap.com

# مەغرۇر پىل

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئورمانلىقتا ناھايىتى زور بىر پىل بولغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇقى، كۈچلۈكلۈكى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ئورمانلىقتىكى باشقا ھايۋانلارنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئوت - چۆپلەرنى خالىغانچە دەسسەپ - چەيلەيدىكەن. بەزىدە خارتۇمى بىلەن ھەر چوڭ قارىغايلارنىمۇ يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى ئۇچار قاناتلارغا ئازار بېرىدىكەن، ئورماننى نابۇت قىلىدىكەن. پىلنىڭ بۇ بولمىغۇر قىلىقى ئورمانلىقتىكى بارلىق جان - جانىۋارلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپتۇ، بىراق ئۇنى ئاشكارا چەكلەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ زورلۇقىدىن قۇتۇلۇشقا بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق يوشۇرۇن يىغىن ئېچىپتۇ، لېكىن يەنىلا چارە تاپالماپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا چۆپكە قونۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرغان بىر توپ پاشا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ:

— پاشىجان، ھەممىمىز جان قايغۇسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرساق، سېنىڭ كۈلگىنىڭ نېمىسى ياكى بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ.

— بۇ كارامەتلىك دۇنياغا ھەيرانمەن، — دەپتۇ پاشا كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ھەممىڭلاردىن ئاجىز ۋە

كىچىك يارىتىلغان بولسامۇ، سىلەرنى بوزەك قىلىدىغان ئا-
شۇ مەغرۇر پىلنىڭ تېرىسىنى تېشىپ قېنىنى ئىچەلەيمەن.
شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەممىڭلاردىن مەن كۈچلۈك ئوخشايمەن.
قانداق، ئەنتىڭلارنى مەنلا ئېلىپ بېرەيمۇ؟

— قۇرۇق گەپنى قوي، — دەپتۇ ھەممە پاشىغا قاراپ، —
سەن پەقەت ئۇنىڭ ھارام قېنىنىلا ئىچىسەن، بۇ بەلكىم ئۇ-
نىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى پەسەيتىپمۇ قويار ياكى بولمىسا
تېخىمۇ قىچىشتۇرۇۋېتىپ، تېنىنى يەنە بىر تۈپ قارىغايغا
سۈركەشكە مەجبۇر قىلىپ، قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى ئالاقزادە
قىلىۋېتەر. قوي، سەن بىز بىلەن چاقچاقلاشما.

— ياق! — دەپتۇ پاشا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، —
مەن ئۇنىڭ كۆزىنىلا چاقىمەن، ئۇ كۆزىنىڭ قىچىشىشىنى
پەسەيتىش ئۈچۈن قارىغايغا سۈركەيدۇ، بۇ داۋاملىشىۋەرسە،
ئۇنىڭ كۆزى يارىلىنىدۇ. شۇ چاغدا چۈشۈن دوستۇمنى يار-
دەمگە چاقىرىمەن، پىلنىڭ يارىلانغان ئىككى كۆزى چۈشۈن
دوستۇمنىڭ قورسىقىدىكى قۇرتلىرى ئۈچۈن ئۆسۈپ يېتىلى-
دىغان ياخشى ماكانغا ئايلىنىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ
مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەنتىڭلارنى ئېلىپ بەرگىنىم بولمامدۇ!

ھەممە پاشىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ.
شۇ چاغدا چۈپ ئارىسىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىقىپ كۈپچى-
لىككە قاراپ:

— مەغرۇر پىل مېنىڭمۇ ئىككى بالامنى دەسسەپ ئۆل-
تۈرگەن، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا غەزىپىم بار، پاشىجاننىڭ سۆزى
مېنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنتىقام ئېلىشىمغا تۈرتكە بولىدى.
مەن بۇنى ھازىر ئېيتمايمەن، ئاۋۋال پاشىجان تەدبىرىنى قى-
لىپ كۆرسۇن، كېيىن مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن، —
دەپتۇ ـ دە، يەنە چۆپ ئارىسىغا كىرىپ غايىب بوپتۇ.

ھەممە، پاقىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەر، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلماپتۇ، ئەمما پاشىنىڭ تەدبىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوللاپ، ئۇنى دەرھاللا ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەپتۇ. پاشا ئۆز ۋەدىسى بويىچە قاناتلىرىنى كېرىپ، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەغرۇر پىلنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ــ دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نەشتەر سانجىشقا باشلاپتۇ. پىل كۆزلىرىنىڭ تىنىمسىز قىچىشىشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ھەدەپ قارىغايغا سۈركەشكە باشلاپتۇ. پاشا بولسا ئۇنىڭغا قىلچە ئارام بەرمەپتۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئۈزلۈكسىز چېقىۋېرىپتۇ، پىل بولسا كۆزىنى قارىغايغا سۈركەۋېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بىر كېچىدىلا پىلنىڭ كۆز ـ قاپاقلىرى يېرىلىپ قاناپ كېتىپتۇ. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن پىلنىڭ جاراھىتىگە قۇرت تاشلاپتۇ. قۇرتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ جاراھىتى تېزلا كېڭىيىپ، كۆزىنى كۆرمەس قىلىپ قويۇپتۇ. مەغرۇر پىل شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىش، ئوزۇق تاللاپ يېيىش ئىقتىدارىدىن قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنبىر تايىنىدىغىنى قۇلاق ۋە پۇراش سېزىمىدىنلا ئىبارەت ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. سۇنى پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىملىرىغا تايىنىپ تېپىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قانداق قىلىشنى بىلمەي تامىقىنى چاكىلدىتىپ ياتقاندا، تۇيۇقسىز يېقىنلا بىر يەردە پاقا كۇركىراپ قاپتۇ. پىل ئۆزىنىڭ ساق ۋاقىتلىرىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، پاقا جەزمەن سۇ بار يەردە بولىدۇ، دەپ جەزملەشتۇرۇپ، پاقىنىڭ ئاۋازى چىققان ياققا قاراپ مېڭىپتۇ، بىراق بۇ پاقا سۇ بار يەردىكى پاقا بولماستىن، بەلكى پىلدىن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىغان ھېلىقى پاقا ئىكەن. ئۇ پىلنىڭ ئالدىدا كۇركىراپ يۈرۈپ، بىر سەكرەپ، ئىككى سەكرەپ، ئاخىر پىلنى بىر تىك

يارنىڭ لېۋىگە باشلاپ كەپتۇ. پىل پاقىنىڭ كۈركىرىشىغا ئەگىشىپ تەمتىلەپ ماڭغىنىچە ياردىن غۇلاپ ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى پۈتۈن جان ـ جانىۋار، ھايۋانلارنى چۆچۈتىدىغان مەغرۇر گەۋدىسى قاغا ـ قۇزغۇن، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ تۈگەپتۇ.

مەغرۇر پىلنىڭ زومىگەرلىكىدىن قۇتۇلغان جان ـ جانىۋارلار خۇشاللىقىدىن ئۇسسۇل ئوينىشىپ، مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

ھېزى بول ھاياتلىق يولىدا دائىم،
كۈچلۈكمەن دېمىگىن ئاجىزنى كۆرۈپ.
مەغرۇر پىل جان بەردى پاشا قولىدا،
ئۆزىنى چوڭ ساناپ، زورلۇق قىپ يۈرۈپ.

مەغرۇرلۇق ھەر كىمنى قالدۇرار يېتىم،
ئۆزىگە قارشى كۈچ توپلايدۇ زورلۇق.
شۇ ئىككى ئىللەتكە بولسا كىم مەھكۇم،
قۇچقۇسى ئۆمرىنى بىھېساب خورلۇق.

# مۈشۈك بىلەن تومۇچۇق

مۈشۈك بىلەن تومۇچۇق ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مۈشۈك دەر-
ھال دوستلۇقتىن گەپ ئېچىپ:
— قەدىرلىك دوستۇم، كۆڭلىكىڭ نىمىدىگەن چىرايلىق،
مەن خېلى يىراقتىن سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ
كەلدىم، — دەپتۇ كۈلۈپ، — بىردەم سايرىغىنا !
لېكىن، تومۇچۇق ئېھتىيات قىلىپ مۈشۈككە بەك يېقىن
كەلمەپتۇ. كەچ بولۇپ ئايرىلىدىغان چاغدا:
— بۇرادەر، سەن نىمىدىگەن ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىن
پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دەپتۇ مۈشۈك.
ئەتىسى ئۇچراشقاندا:
— ئاغىنە، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز نەقەدەر چىڭ - ھە !
سەن تارتىنماي يېقىن كېلىپ سايراپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەر-
گىن، — دەپتۇ مۈشۈك كۈلۈپ، — قارىغىنا، مەنمۇ ئۇسسۇل
ئوينايمەن !
تومۇچۇق مۈشۈكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ يېقىنراق كەلگە-
نىكەن، مۈشۈك كاپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.
تومۇچۇق ئۆلەر چېغىدا:
— دۈشمەننىڭ تاتلىق سۆزلىرىگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە
ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھايۋانلارنىڭ دەتالاشلىرى

ئات، سېيىر ھەم ئىت ئۈچى، كىشلەر قايسىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ دەتالاش قىلىشىپتۇ.

— ئەلۋەتتە، مېنى، — دەپتۇ ئات، — مەن قوش تارتىمەن، تىرنا سۆرەيمەن، جاڭگاللىقتىن ئوتۇن توشۇيمەن، كىشىلەر مېنى مىنىپ شەھەرگە بارىدۇ. ئۇلار مېنىڭدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ.

— ياق، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — دەپتۇ سېيىر، — مەن ئۇلارنى سۈت بىلەن باقىمەن.

— ياق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئىت، — مەن ئىگەمنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ساقلايمەن، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ دەتالاشنى بىر كىشى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، دەرھال:

— تالاشماڭلار، سىلەر ھەممىڭلار بىزگە كېرەك، ھەربىرىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا ياخشى، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توخۇ، سۆسەر ھەم چاشقان

توخۇ، سۆسەر ھەم چاشقان بىللە ياشايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى توخۇ ئازراق بۇغداي تېپىپ خۇشاللىقىدا:
— بۇغداي تاپتىم، بۇغداي تاپتىم، ئەمدى ئۇن تارتىش كېرەك. خوش، بۇغداينى كىم تۈگمەنگە ئاپىرىدۇ؟ — دەپتۇ.
— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.
— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
توخۇ بۇغداينى ئۆزى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىپتۇ.
— ئۇننى ئۆيگە كىم ئاپىرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن ئاپارمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.
توخۇ ئۇننى ئۆيگە ئۆزى ئەكەپتۇ.
— كىم خېمىر يۇغۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن يۇغۇرمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.
— مەن يۇغۇرمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
خېمىرنى توخۇ ئۆزى يۇغۇرۇپتۇ.
— تونۇرغا كىم ئوت سالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن سالمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن سالمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.
توخۇ تونۇرغا ئۆزى ئوت ساپتۇ.

— ناننى كىم ياقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن ياقمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن ياقمايمەن، — دەپتۇ سۆسەر.
ناننى توخۇ ئۆزى يېقىپتۇ، ئاندىن قىپقىزىل بولۇپ پىشقان توقاچلارنى داستىخانغا قويۇپ:
— بۇ نانلارنى كىم يەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن ! — دەپتۇ چاشقان.
— مەن ! — دەپتۇ سۆسەر ۋە ھەر ئىككىسى يۈگۈرۈپ، داستىخانغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن نانلارنى يېيىشكە كىرىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كالا بىلەن ئۆچكە

كالا ئەتىگەندىن كەچكىچە ساپان تارتىپ ھېرىپ - چار-چاپ قايتىپ كەپتۇ. كالىنىڭ ئىگىسى بىر ئوقۇرغا سامان، يەنە بىر ئوقۇرغا قوناق بىلەن ئارپا ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇز سېلىپ بېرىپتۇ. بۇ ئېغىلدا يەنە بىر ئۆچكىمۇ ياشايدىكەن.

كالا بوغۇزدىن بىر كاپام يەپ تۇرۇشىغا:

— ھەي ئاغىنە، — دەپتۇ ئۆچكە ساقال سىلكىپ، — مەن ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن ھەم ئاشقازىنىممۇ ناچار، ئاغىنىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بوغۇزنى ماڭا بېرىپ، سەن ساماننى يېسەڭ.

— ماقۇل، — دەپتۇ كالا.

بۇ ئادەت ھەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان بوپتۇ. ئۆچكە كۆڭلىدە كالىنى راسا بابلىدىم، دەپ خۇشال بولۇپ يۈرۈپتۇ ھەم ھويلىدىكى توخۇ، ئۆردەك، توشقانلارغا:

— كالىنىڭ بويى ئېگىز بولغىنى بىلەن ئەقلى يوق، كالۋا نەرسىكەن، — دەپتۇ، — مەن ئۇنى راسا ئەپلىدىم، ھەر كۈندىكى بوغۇزنى مەن يەپ، كالىغا ساماننىلا بېرىمەن.

— ۋاي تۈۋيەي، — دەپتۇ قاقىلداق مېكىيان، — كالا بىر دۆت ئىكەنغۇ!

ئاخشىمى كالا ئىشتىن قايتىپتۇ. توخۇ، ئۆردەك، توش-

قانلارماراپ تۇرۇپ، ھەقىقەتەن ئۆچكىنىڭ بوغۇزنى، كالىنىڭ سامانىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىش ھەممىگە پۇر كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېكىيان كۇندە قاقىلداپ كالىنى مازاق قىلىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى كالا ئىشتىن قايتىۋېتىپ بۇنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— ھۇ، پىتنىخور شەيتان، سەن قارانىيەتنى ئەمدى چۈشەندىم! — دەپتۇ كالا، — بوغۇزنى مەن يەيمەن!

ئۆچكە لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. كۇندە بوغۇز يەپ ئۆگىنىپ قالغان ئۆچكىنىڭ كېلىدىن سامان ئۆتمەپتۇ. ئەتىگىنى ئىگىسى قارىغۇدەك بولسا، ئۆچكىنىڭ قورسىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بۇنى كۆرۈپ:

— ئاپلا! — دەپتۇ ئىگىسى، — ھوي ئانىسى، ئىش چاتاق، ئۆچكە بىرنېمە يېمەس بولۇپ قاپتۇ. ئوبدانلا سەمرىپ قالغانىدى. ئەتتەك! پىچاقنى ئاچىق، تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتمىسۇن يەنە، تېزرەك سويۇۋېتەي!

ئۆچكىنى بوغۇزلىغان ھامان مېكىيان ئۆگزىگە چىقىپ:

— قاق - قاق - قاق! ئۆچكە ئۆلدى، يېغى جىق! — دەپ قاقىلداشقا باشلاپتۇ.

# ئاچ كۆز

زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ بولغان چاغلارنىڭ بىرىدە، بىر مالنى ئىككى، بىر پۇلنى ئۈچ قىلغۇچە جېنى سىرقىراپ، كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرىدىغان سوپى دېگەن بىر باي بولغانىكەن. ئۇنىڭ قېينانىسىنىڭ گۆھەر تۇغىدىغان توخۇسى بار ئىكەن. تەلىيىگە قېينانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇسى ئۇنىڭ بىردىنبىر قىزىغا — سوپىنىڭ ئايالىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېكىيان ئادىتى بويىچە كۈندە بىردىن گۆھەر تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىكەن. باي بۇ گۆھەرنى سېتىپ دۇكان ئېچىپتۇ ۋە كۈندىن - كۈنگە سودىسى ياخشى بولۇپ، دۇكىنى تۈرلۈك ماللار بىلەن تولۇپتۇ - دە، بارا - بارا بايلار ئىچىدە ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

بىراق، باي توخۇنىڭ كۈندە تۇغىدىغان بىر تۇخۇمىغا قانائەتلەنمەي، توخۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق گۆھەرنى بىراقلا ئېلىپ، بىردىنلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئېسىل خەزىنىلەرى بار بايلار قاتارىغا ئۆتۈشنى ئويلاپتۇ - دە، ئايالىدىن ئوغرىلىقچە توخۇنى سويۇپتۇ، لېكىن مېكىياننىڭ ئىچىدىن باي كۈتكەن گۆھەرلەرنىڭ بىرىمۇ چىقماپتۇ.

## شەرتلىك دوستلار

بىر ئورمانلىقتا شىر، يىلپىز، بۆرە ۋە يىلان ئۇچرىشىپ قېلىپ دوست بولۇشۇپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل ماجىرا چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە شەرت قويۇشۇپتۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ قېشىمدا بىرەرىڭلار توپا - چاڭ چىقىرىۋەتسەڭلار، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنى بوش قويمايمەن ! — دەپتۇ شىر.

يىلپىز:

— مەن ئوزۇقلۇق يەۋاتقاندا كىمكى تىكىلىپ قارىسا، ئۇنى بوش قويمايمەن، — دەپتۇ.

بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ:

— قايسىڭلار ماڭا ئازراقلا تېگىپ كەتسەڭلار، كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى بوش قويمايمەن ! — دەپتۇ.

ئاخىردا يىلانمۇ سۆز ئېلىپ:

— مەن سىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، بىراق سىلەر مېنىڭ قۇيرۇقۇمغا دەسسىۋالماڭلار ! — دەپتۇ.

ھەممەيلەن بىر - بىرىنىڭ شەرتىگە قوشۇلۇپتۇ. بىر كۈنى يىلپىز بىر بۆكەن بالىسىنى تۇتۇپ يەۋېتىپ، بىردىنلا بۆرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بۆرىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۇ چاغدا شىر يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ ئارام ئېلىپ ياتقانىكەن، ئۇ توپا - چاڭنى كۆرۈپ بۆرە بىلەن يىلپىزغا ئېتىلىپتۇ - دە، ئۇلارنى بىردەمدىلا جىمىقتۇرۇۋېتىپ، قايتىپ كېلىۋېتىپ يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىۋاپتۇ. يىلان غەزەپ بىلەن كۆشۈلداپ بېرىپ شىرنى چېقىشقا باشلاپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان شىر يىقىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا شىرنىڭ ئېغىر تېنى يىلاننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەپەرەڭ بىلەن ئۆكۈز

شەپەرەڭ ئەمدىلا ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ ئارام ئېلىۋاتقان ئۆكۈزنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئۆكۈز ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ ــ دە، شەپەرەڭنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆكۈز شەپەرەڭنىڭ كېچىدە ئۆزىمۇ ئارام ئالماي، باشقىلارغىمۇ ئارام بەرمەي ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىدىن خاپا بولۇپ:

— ھەي، نېمانچە ئويۇنغا تويمايدىغان نېمە سەن؟ كېچە ھەممىنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى، مەن كەچ كىرگۈچە ئىشلەپ يېڭىلا كەلدىم، مېنى ئارام ئالغىلى قويمامسەن، يوق؟ — دەپتۇ.

— جېنىم دوستۇم، قورسىقىم ئاچ، ئۇچمىسام قورساق تويمايدۇ، بالىلىرىمغا ئوزۇق تېپىلمايدۇ. ساڭا ئوخشاش مېنىڭ ئالدىمغا يەم ــ بوغۇز تۆكۈپ، ئوت ــ چۆپ سېلىپ قويىدىغانلار يوق.

شەپەرەڭنىڭ سۆزى ياۋاش ــ يۇمشاق ئۆكۈزنى تېرىكتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆكۈز:

— كىچىككىنە قورسىقىڭنىڭ غېمىنى كۈندۈزى قىلساڭ بولمامدۇ؟ تىرىكچىلىك كۈندۈزى بولىدۇ. ئوزۇقۇڭ بولمىسا، مۇنۇ يەمدىن ئېلىپ، قورسىقىڭنى تويغۇز، — دەپ شەپەرەڭگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەم تەڭلەپتۇ.

شەپەرەڭ ئۆزىنىڭ ئۆكۈزگە ئارامچىلىق بەرمىگەنلىكىنى بىلىپ:

— مەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنى چېقىپ، قېنىنى شوراپ ئارام بەرمەيدىغان چىۋىن، پاشىلارنى قىرىمەن. بۇلار ماڭا ئوزۇق بولىدۇ، يەم ـ بوغۇز كېرەك ئەمەس، ساڭا رەھمەت، — دەپتۇ.

شەپەرەڭنىڭ «چىۋىن، پاشىلارنى قىرىمەن» دېگىنى چىۋىن، پاشا دەستىدىن قۇيرۇقىنى بىردەممۇ تىنچ تۇرغۇزالمايدىغان، ھەتتا بويۇنلىرىنى تاملارغا سۈركەپ كېتىدىغان ئۆكۈزگە يېقىپ كېتىپتۇ ـ دە، شەپەرەڭگە مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، مەن بىلمەپتىمەن، مېنى كەچۈرگىن. مەن ئادەملەر ئۈچۈن ئىشلەيمەن، سەن ئادەملەر ۋە بىز ئۈچۈن چىۋىن، پاشىلارنى قىرىدىكەنسەن. ئەمدى ئىككىمىز بىللە ياشايلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆكۈز بىلەن شەپەرەڭ بىر قورۇدا بىللە ياشاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بۆلۈنگەننى بۆرە يەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر مالچى، بىر قاسساپ، بىر ئاشپەز، بىر ناۋاي بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىردىن ئىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ تۆت ئىت يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلار ئايرىلماسلىققا دوست بولۇشۇپتۇ ۋە: «ناۋادا بۆرىگە يولۇقۇپ قالساق، ھەممىمىز بىرلىكتە تاقابىل تۇرايلى» دېيىشىپتۇ. ئۇلار جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ، جاڭگاللىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە بىر بۆرە پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇلارغا خىرىس قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— ئاغىنىلەر، پەخەس بولۇڭلار، ئايرىلمايلى، بۆرىگە يەم بولمايلى دېسەك، ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلايلى، — دېگەنىكەن، ئىتلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بۆرىنى قورشىۋاپتۇ. ئوتتۇرىغا قاپسىلىپ قالغان بۆرە دەرھال بىر پىلان ئويلاپتۇ ـ دە، قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— سىلەر مېنى نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن، — دەپ سۆز باشلاپتۇ بىرىنچى بولۇپ قويچىنىڭ ئىتى، — دائىم مەن باققان قويلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قويلارنى خۇددى ۋابادەك قىرىپ تاشلايسەن. بۈگۈن مەن سەندىن ئاشۇ قويلارنىڭ خۇنىنى تۆلىتىمەن، — دەپتۇ. باشقا ئۈچ ئىتمۇ بۆرىنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن زىيان ـ زەخمەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە شىكايەت قىلىپ:

— سېنىڭ زۇلمىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سېنى يوقىتىمىز، — دەپتۇ.

بۆرە گۇناھىنى بويىنىغا ئالغاندەك بولۇپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— توغرا، مەن سىلەرگە كۆپ زىيان سالدىم، سىلەر مېنى يېيىشكە ھوقۇقلۇق. لېكىن، مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغان سۆزۈم بار. سۆزۈمنى سىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم دەيمەن. ئالدى بىلەن ناۋاينىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، قالغان ئۇچۇڭلارغا ئېيتاي، — دەپتۇ.

ناۋاينىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە بۇ ئۈچ ئىتقا مۇلايىملىق بىلەن سۆز باشلاپتۇ:

— مەن قويچىنىڭ قويىنى يېدىم، قاسساپنىڭ قېنىنى يالىدىم، ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچتىم، لېكىن ناۋاينىڭ نېمىسىگە زىيان سالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ ئىتىنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھوقۇقى بار؟ سىلەر ئۈچۈڭلار مېنى يېيىشكە ھەقلىق، شۇڭا ناۋاينىڭ ئىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەڭلار، مېنىڭ گۆشۈمگە ئوبدان تويىسىلەر، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغاچ ئۈچ ئىت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، بۆرىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلىشىپتۇ ـ دە، ناۋاينىڭ ئىتىنى تالاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن بۆرە:

— ئەمدى ئاشپەزنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، — دەپتۇ. ئاشپەزنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە قالغان ئىككى ئىتقا:

— سىلەر ئىككىڭلار قوي باقىسىلەر، مېنىڭ زىيىنىم ھەممىدىن بەك سىلەرگە يەتتى. سىلەر مېنى يېيىشكە ھەقلىق. ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچىپ قويغانغا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى؟ سىلەر ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ مېنى يېسەڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. شۇ گەپ بىلەن بۇ ئىككى ئىت ئاشپەزنىڭ ئىتىنىمۇ يوق قىلىۋېتىپتۇ. بۆرە يەنە:

— ئەمدى قاسساپنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، ساڭا گېپىم بار، — دەپتۇ قويچىنىڭ ئىتىغا. ئۇ قويچىنىڭ ئىتىنى يېنىغا تارتىپ:

— ھەي ئاغىنە، ھەق گەپنى قىلسام، مەن ھەمىشە سېنىڭ قويلىرىڭنى يېدىم. قاسساپنىڭ ئانچە - مۇنچە قېنىنى يالاپ قويدۇم. ئۇنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى بار؟ سەن ئۇنى يوقىتىپ مېنى ئۆزۈڭ يالغۇز يېسەڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۇنى قانداق يوقىتىمەن؟ — دەپتۇ قويچىنىڭ ئىتى.

— مەن ساڭا ياردەملىشەي، — دەپتۇ بۆرە. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ قاسساپنىڭ ئىتىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپتۇ. ئاندىن بۆرە يالغۇز قالغان قويچىنىڭ ئىتىغا:

— ھەي ئەخمەق، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى. مېنى يېيىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟ — دەپ قويچىنىڭ ئىتىنى يەۋېتىپتۇ.



ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن تۇرنىنىڭ مېھماندارچىلىقى

تۈلكە بىلەن تۇرنا دوست بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈلكە ئۆز دوستى تۇرنىنى ئۆيىگە ئالاھىدە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. قۇۋ تۈلكە تۇرنىنىڭ تاماقنى كۆپ يەپ كېتىشىدىن قورقۇپ، سۇيۇق ئۇماچ ئېتىپتۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى تېيىز لېگەنگە ئۇسۇپ، تۇرنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ـ دە:

— قېنى، دوستۇم، مەرھەمەت قىلىپ تاماقتا باققىن، ھەرگىز تارتىنما، بۇ تاماقنى سېنى ئوبدان يەيدۇ دەپ ئەتتىم، — دەپتۇ.

تۇرنا بىر ـ ئىككى قېتىم تەخسىگە تۇمشۇقىنى تەگكۈزۈپ بېقىپتۇ، بىراق، تاماق بەك سۇيۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەخسە بەك تېيىز بولغاچقا، ئاغزىغا ھېچنېمە چىقماپتۇ. ئىلاجسىز قالغان تۇرنا ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تۈلكە يەنە چاندۇرماي:



— دوستۇم، سېنىڭ ئىشتىھايىڭ بەك ناچار ئىكەن، نېمىشقا مەندەك چوڭ ـ چوڭ ئالمايسەن؟ — دەپ قويۇپ، ئۆزى تەخ-

www.uyghurkitap.com

سىنى يالاپ بىر دەمدىلا پاك ـ پاكىز قىلىپ قويۇپتۇ.
تۇرنا ھېچنېمە يېيەلمەي ئاچ قورساق ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.
كۈنلەردىن بىر كۈنى تۇرنا تۈلكىنى ئۆيىگە مېھمانغا چا-
قىرىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئۆنى قانداق مېھمان قىلغانلىقى ئېسىدە
بولغاچقا، ئۇمۇ تۈلكىنى ئۆز لايىقىدا مېھمان قىلماقچى بوپتۇ ـ
دە، ناھايىتى تەملىك، ئېسىل تاماقنى ئېتىپ، ئاغزى كىچىك
ھەم ئېگىز بىر كومزەككە ئۇسۇپ، تۈلكىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ
ۋە تۈلكىگە قاراپ:
— تۈلكە دوستۇم، قېنى، قورۇنماي كەڭ ـ كۈشادە ئول-
تۇرۇپ تاماققا باقىسىن، — دەپتۇ.
مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقىدىن ئاغزى سېرىقسۇ بىلەن
تولغان تۈلكە كومزەككە يېقىن كېلىپ تۇمشۇقىنى تىقىپتۇ،
بىراق كومزەكنىڭ ئاغزى بەك كىچىك بولغاچقا، تۇمشۇقى
پاتماپتۇ. تۇرنىنىڭ بويىنى بەك ئۇزۇن، بېشى كىچىك بولغاچ-
قا، كومزەككە ئەپچىللىك بىلەن بېشىنى تىقىپ، تاماقنى راسا
ھوزۇر قىلىپ يەپتۇ. تۈلكە بولسا ئازراقمۇ نەرسە يېيەلمەي
تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.
— تۈلكە دوستۇم، بۈگۈن تاماق يېمەيسەنغۇ، ئىشتىھايىڭ
تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا.
— ئېلىشۋاتىمەن، تامىقىڭ خېلى ئوخشاپتۇ، — دەپتۇ
خىجىل بولغان تۈلكە يال-
غاندىن تىلىنى يالاپ ئول-
تۇرۇپ.
شۇ كۈندىن باشلاپ:
«ساڭا بىقىپ مەن، ئە-
شىككە بىقىپ دەم» دېگەن
ماقال پەيدا بولغانىكەن.



## چۈمۈلە بىلەن كېرپە

بۇرۇن بىر تاغلىقتا بىر توپ چۈمۈلە بىلەن بىر كېرپە ياشايدىكەن. چۈمۈلىلەر قىشۇ ياز دەم ئالماي ئىشلەيدىكەن. كېرپە بولسا يازلىقى ئىش قىلماي ئويناپ يۈرىدىكەن. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كېرپە كېتىۋېتىپ، چۈمۈلىلەر توپلىشىپ ئىشلەۋاتقان يەرگە كېلىپ، چۈمۈلىلەرگە:

— سىلەر نېمانچە ئەخمەق، هازىر ئويناپ، قىش كېلەي دېگەندە ئىشلىسەڭلارمۇ بولىدىغۇ؟! — دەپتۇ. لېكىن، چۈمۈلىلەر كېرپىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي يەنىلا ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. ئاستا - ئاستا قىش كېلىشكە باشلاپتۇ. چۈمۈلىلەر تىرىشىپ ئىشلەپ ئوزۇقلۇق يىغىۋالغاچقا، ئۇۋىسىدا بەخىرامان تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. لېكىن، كېرپە ئوزۇقلۇق يىغمىغاچقا، ئاچ قېلىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

چۈمۈلىلەر كېرپىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى بېقىپتۇ. ياز كەپتۇ. كېرپە قىشنى ئۆتكۈزۈپلا ئويۇنغا بېرىلىپ قىشلىق ئوزۇقلۇق يىغىشنى يەنە ئۇنتۇپ قاپتۇ. چۈمۈلىلەر يەنىلا ئوزۇقلۇق يىغىشقا باشلاپتۇ. يەنە قىش كەپتۇ. كېرپە ئاچلىققا چىدىماي، يەنە چۈمۈلىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. لېكىن، بۇ قېتىم چۈمۈلىلەر كېرپىگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماپتۇ.

كىرپە ئاخىر ئۇۋىسىغا بېرىپ تۇگۇلۇپ يېتىشقا مەجبۇر بوپ-تۇ. شۇڭا، خەلق ئىچىدە: «كىرپىدەك تۇگۇلۇپ ياتقۇچە، چۇ-مۇلىدەك ئىشچان بول» دېگەن تەمسىل تارالغانىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلالىساڭ

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر بوۋاي كىچىك نەۋرىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە ئېشەكنى ھەيدەپ بازارغا مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە ئادەم:

— قاراڭلار، تازىمۇ ئەخمەق بوۋاي ئىكەن ـ ھە ! شۇنچە ياشانغان ئادەم تۇرۇپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىۋالماي، نەۋرىسىنى مىندۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى پىيادە كېتىپ بارغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ.



بوۋاي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، توغرا ئىش قىلمىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، نەۋرىسىنى دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىپتۇ ۋە:

— بالام، ئېشەكنى سەن ھەيدەپ ماڭغىن، — دەپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر كۆۋرۈككە كەلگەندە، بۇ يەردىمۇ بىرنەچچە ئادەم ئولتۇرغانىكەن. بوۋاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار بىلەن سالام-
لىشىپ ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن،
ئۇلار بوۋاينىڭ ئار-
قىسىدىن:
— قاراڭلار،
ئاۋۇ تازىمۇ باغرى
قاتتىق بوۋاي ئە-
كەن. شۇ ساقىلى
بىلەن ئۆزى ئېشەك-
كە مىنىۋېلىپ، كىچىككىنە بالىنى پىيادە ماڭدۇرۇپتۇ، —
دەپ غودۇڭشىپتۇ.

بوۋاي، يەنە توغرا قىلمىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ:
— بالام، كەينىمگە مىنگىشىۋال، — دەپتۇ. بالا مىن-
گەشكەندىن كېيىن يەنە مېڭىشنى داۋام قىپتۇ. خېلى ئۇزۇن
ماڭغاندىن كېيىن يولدا بىر توپ ئادەم ئۇچراپتۇ:
— قاراڭلار، كىچىككىنە ئېشەككە ئىچى ئاغرىماي ئىك-
كىسىنىڭ مىنىۋالغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ.

بۇ گەپتىن بوۋاي خىجىل بولۇپ، ئۆزىمۇ، نەۋرىسىمۇ
ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، سالتاڭ ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن
پىيادە مېڭىپتۇ. بازارغا ئاز قالغاندا، بىر قوغۇنچىنىڭ دۇكى-
نى ئالدىدا ئولتۇرغان بىر توپ ئادەم:
— قاراڭلار، ماۋۇ ئەخمەق بوۋاينى ! هايۋانغىمۇ ئىچ
ئاغرىتقان بارمۇ؟ ئېشەككە مىنىۋالماي، قىينىلىپ پىيادە كې-
تىپ بارغىنىنى ! — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي قانداق قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلمەي گاڭ-
گىراپ قاپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر مويسىپىت ئادەم-

نى چاقىرتىۋېلىپ، بولغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. مويسىپىت ئادەم كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ ئادەملەرنىڭ قارىشى ھەر خىل بولغاچقا، قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ئانچە خاتا بولمىسىمۇ: «ئۇ يېرى بولماپتۇ، بۇ يېرى بولماپتۇ» دەيدىغانلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزىڭىز ئىشەنچ قىلالىسىڭىزلا، ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سالماي، ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىچە قىلىۋەرگىنىڭىز تۈزۈك !



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن چۈجە

بىر چۈجە كېسەل بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە كۆزەينەك تاقاپ، ئۇچىسىغا خالات كىيىپ دوختۇر قىياپىتىگە كىرىپ، توخۇ كاتىكىگە بېرىپ ئىشىك قېقىپتۇ ـ دە، ئىچىدىن ئاۋاز بىلەن:

ــــ ئاڭلىشىمچە، بىر چۈجە كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مەن كېسەلنى داۋالىغىلى كەلدىم، مېنى كىرگۈزۈڭلار ! ــــ دەپتۇ.

بىر چۈجە ئىشىك ئاچماقچى بولغاندا، باشقا نۇرغۇن چۈجىلەر دەرھال ئۇنى توسۇپ:

ــــ توختاپ تۇر، بىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن ئىشىك ئاچايلى، ــــ دەپتۇ.

ئۇلار ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ ئۇچلۇق تۇمشۇق، ئۇزۇن قۇيرۇق بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ ـ دە، «هوي ! بۇ تۈلكە ئەمەسمۇ؟» دېيىشىپ دەرھال ئۇنىڭغا:

ــــ رەھمەت، بىز ھەممىمىز ئىنتايىن ياخشى تۇردۇق. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز، ئىشىك ئېچىپ سىزنى كىرگۈزگەندىن كېيىنكى بولىدىغان ئەھۋالدىن كۆپ ياخشى ! ــــ دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىللى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

# توشقان ئوۋلاش

بۇرۇنقى زاماندا توشقان ئوۋلاشقا خۇشتار بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. بىراق، ئۇ باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى ياقتۇرماي، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنىمۇ خالىماي، پو ئېتىپلا يۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىقسا قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىكەن. بىر قېتىم قوشنىسى ئۇنىڭدىن:

— مەن بىرەر قېتىممۇ سېنىڭ ئوۋلاپ كەلگەن توشقىنىڭنى كۆرمىدىمغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن پەقەت توشقان ئوۋلاشنىلا ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. شۇڭا، ھەر قېتىم ئوۋلاپ كەلگەن توشقاننى باشقىلارغا بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، كېلەر قېتىم ماڭا بىرنى بەر. مەن سېنىڭ قوشناڭغۇ، — دەپتۇ قوشنىسى.

قوشنىسىنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئەتىسى قاق سەھەردىلا توشقان ئوۋلاشقا چىقىپتۇ، لېكىن كۈن پاتقۇچە كېزىپ يۈرۈپمۇ بىرمۇ توشقان ئاتالماپتۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، توشقان ساتىدىغان بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ. ئوۋچى بۇنى كۆرۈپ گۈلـقەقەلىرى ئېچىلىپ، دەرھال ئىككى توشقان سېتىۋاپتۇ ـ دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

خۇشال هالدا ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە يېقىنلىشىپ قال-غاندا، ئەگەر بۇ تىرىك توشقانلارنى شۇ پېتى ئېلىپ بارسام، قوشنام ئۆزۈمنىڭ ئۇۋلىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ -دە، ئىككى توشقاننى بىر كىچىك دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى يىراقتا تۇرۇپ قارىغا ئېلىپ ئېتىپتۇ. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ توشقانلار ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىپتۇ.

بۇ قانداق ئىش؟ ئەسلىدە ئوۋچى ئاتقان ئوق توشقانغا تەگمەي، توشقاننى باغلاپ قويغان يىپقا تېگىپ، يىپنى ئۈزۈ-ۋەتكەنىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قوشنىسى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئوۋچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي ئاغىنە، سەن توشقاننى ئەسلىدە مۇنداق ئوۋلاي-دىكەنسەن - دە! — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| 4. ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۇھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۇۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۇسۇپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 4. تاھىر ـ زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| 5. كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| 2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| 3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |
| 4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ | 16.50 يۈەن |
| 5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ | 15.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① | 19.00 يۈەن |
| 2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② | 20.00 يۈەن |

| | |
|---|---|
| **ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** | 8.00 يۈەن |
| **ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** | 21.00 يۈەن |
| **ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** | 4.50 يۈەن |
| **ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى | 15.00 يۈەن |
| **ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** | 13.00 يۈەن |
| **ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** | 5.00 يۈەن |

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 ملليمېتر، 32/1
باسما تاۋىقى: 5.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001–7,000
ISBN 978-7-228-09841-5
باھاسى: 8.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com